قوش ئۈنۋانلىق ژۇرنال

双效期刊

中华人民共和国新闻出版总署


# XYOUTH


2002 .11

新疆青年




هەممە ئىش ئۆزىمىزگە باغلىق

ئەر - ئاياللار ھەققىدە پاراڭ

خىيال ۋە رېئاللىق

دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل

روھىي غالىبىيەتچىلىك

# شىنجاڭ ياشلىرى


ISSN 1002-9109

11>

9 771002 910000

# ئىدىقۇت باغرىدىكى مەرىپەت بۆشۈكى
# —پىچان ناھىيە لەمجىن ئوتتۇرا مەكتىپى



مەكتەپ مۇدىرى—ئەنۋەر لىتىپ

بۇ مەكتەپ 1960 ـ يىلى قۇرۇلغان مۇكەممەل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ھازىر 100 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، 1100 گە يېقىن ئوقۇغۇچىسى بار. بۇ مەكتەپ ئىزچىل تۈردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆستۈرۈپ، ئىلغار ئوقۇتۇش ۋە زامانىۋى مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى. ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتا ناھىيە بويىچە ئۈلگە ياراتتى. 24 خىل كۇرژۇك قۇرۇپ، 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتىنى ئالاھىدە جانلاندۇردى ھەمدە كۇرژۇك ئەزالىرى خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە ئىشتىراك قىلىپ، خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا نائىل بولدى. خۇلاسە ئىمتىھانىدا تارىخ، جۇغراپىيە، تىل ـ ئەدەبىيات پەنلىرىدە ناھىيە ۋە ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى بولدى. مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كەسىپ ۋە ئەخلاق جەھەتتىن ئۆزىگە كۈچلۈك تەلەپ قويغانلىقتىن، فائىدە، مەسئۇلىيەتنامىلەرنى جانلىق بېكىتكەنلىكتىن بۇ مەكتەپ ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونغا زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى.

ئابدۇقادىر ھەمدۇللا (قورغان) فوتوسى



زامانىۋى ئوقۇتۇش



[illegible]



↑ ئىتتىپاقلاشقان رەھبەرلىك كوللېكتىپى

↓ ساپا مائارىپى بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار





جانلانغان تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى



ياشلىق
ئابلىكىم ئەھمەت فوتوسى

2002

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
(تېلېفون: 2818446)

# مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | |
|---|---|---|
| ھەممە ئىش ئۆزىمىزگە باغلىق | ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپ ئۈمىدى | 1 |
| بۇ رىۋايەت ئەمەس | ئوسمان رېشىت | 6 |
| ئوقۇتقۇچى روھى ۋە مائارىپ | گۈلنىسا سەيپۇل | 7 |
| ئەر ـ ئاياللار ھەققىدە پاراڭ | | 9 |
| مېنىڭ روھىم پاكلاندى | ئابلىز سۇلايمان | 11 |
| خىيال ۋە رېئاللىق | ھەسەنجان مەمتىمىن | 13 |
| ناتونۇش يىگىتكە ھۆرمىتىم | مەگىنسا رىۋۇدۇل | 16 |
| تاجىكلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى | زۇنۇن ياقۇپ، ئابدۇرېھىم نەۋرۇز | 17 |
| باللارنىڭ ھەۋەسى قاناتلانسۇن | ئازات نىزامىدىن | 21 |
| بۇ قانداق ئەخلاق، بۇ قانداق دىيانەت | مۇھەممەت تۇرسۇن | 23 |
| ئۈرۈمچى، قوينۇڭ زادى قانچىلىك كەڭ | ئانىقىز ئەزىزى | 25 |
| مېنىڭچە، پۇلمۇ، ۋىجدانمۇ مۇھىم | غوپۇر مىجىت | 29 |
| سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتكەن جاسۇس | | 41 |
| چامىسالدىن تېپىلغان تەسۋىرىي رەسىملەر | ئابلىز مۇھەممەد سايرامى | 45 |
| ئالتۇن ئۈزۈكتىكى ياقۇت كۆز | ئە. داۋۇت | 55 |
| راستچىللىق (ھېكايە) | ئېزىز ساۋۇت | 57 |








«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: ئىسمائىل ئىبراھىم
خەلقئارا نومۇرى: ISSN 1002 — 9109  ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 00502166
دۆلەتلىك نومۇرى: CN65 — 1029 / C  پوچتا نومۇرى: 830002  باھاسى: 3.00 يۈەن

# ساغلاملىق ئەڭگۈشتىرى — «سالامەت شىپالىق ئۇماچ تالقىنى»

ئىگىلىشىمىزچە، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە دىئابىت (قەنت سىيىش) كېسەللىكىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىكى نىسبەتتىن ئېشىپ كەتكەن. ئەجەبا، بايلىق ۋە ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا ئۇڭ تاناسىپ بۇ كېسەل نېمە ئۈچۈن خوتەندىن ئىبارەت نامرات رايوندا شۇنچە يامراپ كەتكەن؟ بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلقىمىزنىڭ غىزالىنىش ئادەتلىرىدە، يېمەك ـ ئىچمەك يوسۇنلىرىدا ۋە ئىستېمال تەرتىپلىرىدە قالاق، ناباب ۋە خۇراپىي قاراشلار ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر. بۇ خىل ئادەت چوقۇم تۈزگىتىلىنىشى كېرەك. «سالامەت شىپالىق ئۇماچ تالقىنى» دەل ھازىرقىدەك سېمىزلىك، قاندا ماي ئارتىپ كېتىش ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان دىئابىت كېسەللىكى ئۈچۈن مەخسۇس لايىھىلەنگەن بولۇپ، تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بىلىملەرنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.

**1. شىپالىق ئۇماچ تالقىنى قايسى تۈردىكى ئالاھىدە يېمەكلىك؟** ئۇ دورىلىق يېمەكلىكلەر قامۇسىدىكى دولانا، پېچەككۈل يىلتىزى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى خام ئەشيا قىلغان بولۇپ، جۇڭگو تېبابىتىدىكى يېمەكلىك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ، بۈگۈنكى زامان پەن ـ تېخنىكىسى قوللىنىلىپ ياسالغان ئالاھىدە يېمەكلىك.

**2. ئۇ نېمە ئۈچۈن سېمىز، قاندا ماي ئارتىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ؟** ئوزۇق مۇددەت ئىسسىقلىق مىقدارى ۋە ماي تەركىبى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن، ئادەم تېنىنىڭ ھەر خىل ئىسسىقلىق ۋە ئوزۇقلۇققا بولغان تەلىپى نورمال ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىسسىقلىق بىلەن باشقا ئوزۇقلۇق ماددىلار ماي بولۇپ يىغىلىپ، سېمىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاقىۋەتتە ماي مىقدارى ئېشىپ بېرىپ، قاندا ماي ئارتىپ كېتىش پەيدا بولىدۇ.

شىپالىق ئۇماچ تالقىنى ئۈنۈملۈك ھالدا يىغىلغان ماينىڭ ئالمىشىشىنى تېزلىتىپ، ماينى ئازايتالايدۇ. شۇڭا ئۇ سېمىز، قاندا ماي ئارتىپ كەتكەن كىشىلەرگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

**3. شىپالىق ئۇماچ تالقىنى قايسى تۈردىكى قەنت سىيىش (دىئابىت) كېسەللىكى بارلار ئىستېمال قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ؟** قاندىكى ماينى تەڭشەپ، ئادەم بەدىنىدىكى ماي مىقدارىنى ئازايتىش ئارقىلىق قاندىكى شېكەرنى تەڭشەيدۇ. شۇڭا، شىپالىق ئۇماچ تالقىنى سېمىز، قاندا ماي ئارتىپ كېتىشتىن بولغان دىئابىت كېسەللىكى بارلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

**4. شىپالىق ئۇماچ تالقىنىنىڭ زىيانلىق قوشۇمچە رولى بارمۇ؟** شىپالىق ئۇماچ تالقىنى مەملىكەتلىك سەھىيە مىنىستىرلىقى تەستىقلاپ تارقاتقان يېمەكلىك تەركىبى جەدۋىلىدە كۆرسىتىلگەنلەرنى خام ئەشيا قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ھېچقانداق زەھەرلىك قوشۇمچە رولى يوق. لېكىن، ئىنتايىن ئاز سانىدىكى كىشىلەردە رېئاكسىيىلىك ئالامەت كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن بولسا ئىچىشنى توختىتىپ، شىركەتنىن مەسلىھەت سورىسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شىپالىق ئۇماچ تالقىنى قان ئايلىنىشنى تېزلەشتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھامىلىدار ئاياللار ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

شىركەت ئادرېسى: جەنۇبىي شىنخۇا يولى 23 ـ نومۇر (چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا)، يەنى سالامەت سودا چەكلىك شىركىتى

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 8566887 _ 0991

خوتەن شەھەرلىك لوقمان قەنت سىيىش كېسەللىكلىرى بۇيۇملىرى دۇكىنى تېلېفون: 2050454 _ 0903

قەشقەر شەھەرلىك ئىستامبۇل تاللا بازىرى تېلېفون: 2837555 _ 0998

ئاقسۇ شەھەرلىك ئالتۇن كۆۋرۈك سودا سارىيىنىڭ 1 ـ قەۋىتىدىكى غەربىي دىيار ماگىزىنى 2617117 _ 0997

ئاتۇش شەھەرلىك ئىستامبۇل تاللا بازىرى 4231711 _ 0908

كورلا شەھەرلىك ئىستامبۇل 3 ـ تارماق دۇكىنى 2031852 _ 0996

غۇلجا شەھەرلىك قوشنۇر تاللا بازىرى 8121449 _ 0999

قۇمۇل شەھەرلىك ئىستامبۇل تاللا بازىرى 2384360 _ 0902

تۇرپان شەھەرلىك شىنجىڭ مال سېتىۋېلىش مەيدانى 13199899954

قاراماي شەھەرلىك كىلاس تاللا بازىرى 6891401 _ 0990

چۆچەك شەھەرلىك ئىستامبۇل تاللا بازىرى 6233724 _ 0901

چۆچەك شەھەرلىك يەر ئاستى بازىرى ئارمان 13 ـ نومۇرلۇق دۇكان تېلېفون: 6224668 _ 0901

مايتاغ شەھەرلىك مىللىي بۇيۇملار ماگىزىنى 3872529 _ 0992

مايتاغ شەھەرلىك ئىستامبۇل تاللا بازىرى 3862701 _ 0992

دۆربىلجىن ھېممەت ئابدۇكېرىم ماگىزىنى 3346959 _ 0901

بورتالا شەھەرلىك ئارمان تاللا بازىرى 013031351238

# ھەممىشە ئۆزىمىزگە باغلىق

ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپ ئۇمىدى

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىز جەننەتتىن قوغلىنىشقا، يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈپ جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆز رىزقى - نېسىۋىسىنى ۋە بەخت - خۇشاللىقلىرىنى ئۆزى ئىزدەشكە مەجبۇر بولۇشى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبىدىن ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە لوت قەۋمىنىڭ، پىرئەۋن قوشۇنلىرىنىڭ ھالاك بولۇشى، ھەتتا توپان بالاسىدىن تارتىپ گىتلېر، ناپولېئونلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن ئىكەن. قىسقىسى، ھەربىرىمىز كۆرۈۋاتقان ياخشى - يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىمىزنىڭ سەۋەبىدىن بولىدىكەن. سەن ياخشى ئۆگىنىمەي ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەڭ، خىزمەتتە تىرىشماي سەۋىيە - ساپايىڭنى ئۆستۈرمەي ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلساڭ، ئۆزۈڭنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىگە سەل قاراپ، كۈتۈلمىگەن ھادىسە ياكى كېسەللىكلەرگە دۇچار بولساڭ ئۇنى كىمدىن كۆرۈشۈڭ كېرەك؟ ئەلۋەتتە ئۆزۈڭدىن كۆرىسەن - دە. بىزنىڭ ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلماستىن، باشقىلاردىن ئاغرىنىشقا قىلچە ھەققىمىز يوق. ھەركىم ئۆز قىلمىشىغا ئۆزى ئىگە، بۇ ناھايىتىمۇ ئاددىي ھەقىقەت.

كاتتا مۇكاپات سەھنىلىرىدە مەيدىلىرىگە گۈل تاقىۋالغانلارغا؛ يۇقىرى باھا بىلەن ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق قالپىقى كىيگەنلەرگە؛ سودىدا روناق تېپىپ قەد كۆتۈرگەن مىليونېرلارغا؛ ئايروپىلان، پويىزلارغا چىقىپ جاھاننىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىگە ساياھەت، زىيارەتكە كېتىۋاتقانلارغا؛ ئاددىي ئىش ئورنىدا شانلىق تۆھپە ياراتقانلارغا؛ تۈرلۈك ئىمتىھانلاردىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلارغا؛ كومپيۇتېر، چەت ئەل تىللىرىنى ئىگىلەپ ئۆز غايىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋاتقانلارغا؛ دەۋر ئېقىمىدا پۇت تىرەپ راۋرۇس تۇرۇۋاتقانلارغا سەپسېلىپ قارا، ئۇلار ھېچقاچان ئۆزىدىن تاشقىرى ھېچقانداق كۈچ ۋە ياردەمگە ئىشەنمەيدۇ. ھاياتتىكى ئېرىشىش ۋە يوقىتىشنىڭ كۆپۈنچە ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئۇلار شۇ ئىشەنچ بىلەن شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ئۇلاردا باشقىچە تەمە ۋە ساماۋى خىياللاردىن قىلچە ئەسەر يوق. ئۇلار «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى» دېگەن ھېكمەتنى ھەردائىم ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قوزغاتقۇچىسى قىلىدۇ.

شۇنداق، قايسىبىر ئالىمنىڭ ئېيتقىنىدەك: «بىز ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەيمىز.» ئەگەر بىز يۇقىرىقىدەك پۈتۈنلەي ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ھاياتنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا، ھاياتلىق يولىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ھەقىقەتەنمۇ بىز ئېرىشىۋاتقان ۋە يوقىتىۋاتقان ھەرقانداق نەرسىنىڭ دەل بىزنىڭ ھاياتقا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىمىز، تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئاسانلا ھېس قىلالايمىز. بۇ سىناق ئالىمى، سىنىڭ ھاياتلىق ئىقتىدارىڭ، قانچىلىك قىممەت ياراتقانلىقىڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قانچە يىلدا يېتىلىشى، مېۋىگە كىرىشى... قاتارلىقلار تەبىئىي قانۇنىيەت، ئەمما ئادەمنىڭ قانچىلىك ۋاقىتتا يېتىلىشى، تۆھپە يارىتالىشى، ھاياتلىق يوللىرىدا زەپەر مارشىنى تووۇلىيالىشى پۈتۈنلەي ئىجتىمائىي ھادىسە، چۈنكى ئۇ تاشقى ئامىللاردىن كۆرە كۆپرەك ئىنساننىڭ ئۆزىگە باغلىق.

ئۆزىگە باغلىق دېگەندە، بىز ئۆزىمىزدە جارى قىلدۇرۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە پۇرسەتلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنالىساق، ئۇ ھالدا بىز ئۆز نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالايمىز. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىساق، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەغلۇپ ھاياتنىڭ ئىگىلىرىگە ئايلىنىمىز. ھاياتنىڭ ئىلگىرى بەلگىلەپ قويۇلغان قائىدە - پرىنسىپلىرى بولمايدۇ، ئەمما ھەربىر ھاياتنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقا يارىشا ئۆز غايىسىنى چىقىش قىلغان بىر يۇرۇش قائىدە - پرىنسىپلىرى بولىدۇ ۋە بولۇشى كېرەك. نېمە قىلىش توغرىسىدا قايمۇقۇپ يۈرۈشمۇ يارىمايدۇ. بىزنىڭ ئەتراپىمىز سانسىز - ساناقسىز ئۆلگىلەر بىلەن تولغان. بىز ئاشۇ ئۆلگە سۈپىتىدىكى ھاياتلىق يۇلتۇزلىرىنىڭ ئۆز ھاياتىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ھايات بىناسىنى قۇرۇپ چىقىش جەريانىغا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسالىدىغان بولساق، ئەگەر قەلبىمىزدە ھاياتىمىزغا بولغان مۇھەببەت ۋە ئىشەنچ بولىدىغانلا بولسا، جەزمەن ئۆز ئەھۋالىمىزغا يارىشا ھايات پرىنسىپلىرىغا ئىگە بولىمىز.

تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىققا نىسبەتەن توغرا مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇنىڭغا دادىل يۈزلىنىش — بىزنى يېڭى مەغلۇبىيەتتىن ساقلاپ قالىدۇ. ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ، بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ياخشى - يامىنىدىن ئىبرەت ئېلىش — ئىنسانلارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئەتراپىمىزدىكى ھاياتلىقتىن يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ھايات يولىمىزنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئىددىيىۋى قورالىغا ئايلاندۇرالىساق، ھەرقانداق يامان ئاقىۋەتنى ئالدىنى ئالغانغا ئىگە بولىمىز. دەسلەپتە ئالدىمىزدا ئاق، قارا ... ئايانماي قوبۇل قىلىۋەرسەك بولىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. رىقابەت قايىنىمىغا كىرىۋاتقان، ھېچقانداق كىشى ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدىغان، ھەربىر ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىشقا مەجبۇر قى-

لىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز تەقدىرىمىز ھەققىدە ئۆزىمىزنى ئەيىبلىمەي ۋە ئۆزىمىزنى سەۋەبكار قىلماستىن، ئاللىقاچاندىن ئاقتۇر سەۋەبلەر ئۈستىدە تەھلىل - مۇھاكىمىلەردە بولۇۋاتىمىز. ئۆزاقتىن بېرى ھېچنېمە ھەل بولغىنى يوق، بۇنداق ئەھۋالدا ھەل بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كۈن يەنە شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىۋاتىدۇ. يەر شارىنىڭ تېزلىكى قەدەملىرىمىزنى نەچچە ھەسسە قاتلاپ، ئۆز يولىنى داۋام قىلىپ كېتىۋەرمەكتە. ناھايىتىمۇ ئېنىقكى، بىز تالاش ۋە شاللاش پەيتلىرىدە ياشاۋاتىمىز. مەيلى قاقشايلى، مەيلى كۈلەيلى، ئاچچىق رېئاللىق يەنە ئۆز پېتى تۇرماقتا.

دەرۋەقە بەزىلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى ناھايىتى كۆپ تىلغا ئالىمىز يۇ، باشقىلار قىلالىغاننى مەنمۇ قىلالايمەن (ياكى قىلالىدىم)، باشقىلار ئېرىشكەن نەرسىلەرگە مەنمۇ ئېرىشەلەيمەن (ياكى ئېرىشتىم) دېگەن سۆزلەرنى قەتئىي قىلمايمىز ياكى قىلالمايمىز. باشقىلارنىڭ شادىمان كۈلكىلىرى، ئېرىشكەن نەرسىلىرىگە كۆزىمىزنى پارقىراتساقمۇ، ئىچىمىز ئېچىشسىمۇ بەرىبىر. ئۇلاردىكى نەرسە ھەرگىزمۇ سەۋەبسىز ھالدا بىزنىڭ بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، ھەركىم ئۆزى سەۋەب قىلغانلىقتىن ئېرىشىدۇ، بىخۇدلۇق قىلغانلىقىدىن قولدىن بېرىپ قويىدۇ. بىزدە «كىشىنىڭ چاپىنىدا تەرلىگىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. ئەستايىدىل ئويلانساق، بۇنىڭ ناھايىتى توغرا يەكۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. ئەگەر رىتىمى تېزلىشىۋاتقان ھايات يولىدا «تۈگەپ كېتىش»تىن قورقساق، جەزمەن ئۆزىمىزنىڭ «چاپان»ى بولۇشى كېرەك. كىشىدىكى نەرسە ئەلۋەتتە بىزگە ئەسقاتمايدۇ. ساڭا بەرگەندىمۇ، ئۇنىڭغا ھەم ئۆزۈڭگە ھەسسىلەپ قەرزدار بولىدىغان گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاياتلىق ئىقتىدارىنى قەرز ئېلىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

مەن ئىلگىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئۆتەلمىدىم، ئەمما قىلچە مەيۇسلەنمەي، تولۇق

ئوتتۇرىدا تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئېسىمدە ساقلاپ تىرىشىپ ئۆگەندىم. كۈتمىگەندە ھادىسىگە ئۇچراپ ئىمتىھانغا ئازلا قالغاندا ئوقۇشتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەمما ئوقۇش غايەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئۆگەندىم، بىر تەرەپتىن داۋالاندىم. تۆت يىلدىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم، ئەمما ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، ئوقۇشنىڭ ھەممە ئىشىنىڭ پۈتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى خېلى يىللاردىن كېيىن سېزىپ يەتتىم. ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىلا ئۆگىنىپ، دۆلەت تىلى، چەت ئەل تىلى ۋە كومپيۇتېر ئىلمى قاتارلىق ئۇچۇر ۋە بىلىم ۋاستىلىرىنى ئىگىلەشكە، بۇ ئارقىلىق ئىگىلىگەن بىلىملىرىمنى ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشمىغانلىقىم سەۋەبىدىن ناھايىتى ياخشى خىزمەت ئورنىدىن ۋە ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدىم. جەمئىيەتكە ئەمەلىي ئىشلىتىش ۋە قىممەت يارىتىش ئىقتىدارى كېرەك ئىكەن. بىر ستۇدېنت ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم قويغاندىن تارتىپ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلىشى، ئۆزىدە جەزمەن ئۆزىگە ئۆزى مەكتەپ پۈتتۈرۈش شاھادەتنامىسىنى بېرەلەيدىغان ئىقتىدار ۋە ساپا ھازىرلىشى كېرەككەن. مېنىڭ ئېرىشكەن ۋە يوقاتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر باشقىلارنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە تۇتقان مۇئامىلەم سەۋەبىدىن بولدى. ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار، كەشپىياتچىلار، تۈرلۈك ئالىملار، ئەدىبلەر، بېيىغان دېھقانلار، مەرىپەتپەرۋەر سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرىدا چاقناپ، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى قىممەتلەرنى يارىتىپ، ئۆز تەقدىرىنى گۈزەل قىلىپ ياراتماقتا. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق يوق، ئەمما ئۇلاردىكى كۈچ ـ جاسارەتنى، غەيرەت ۋە ئېتىقادنى، ھاياتقا بولغان يۈكسەك پرىنسىپاللىقنى ئۈلگە قىلماي ۋە قىلالماي نامسىز ياشاۋاتقانلار بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن پەرق بار. ئۇ بولسىمۇ، بايا ئېيتقىنىمىزدەك قىممەت، قىممەت ۋە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى مانا شۇ.

قىسمەن ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىمىز، ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل بەرگەنلىكىمىز، كۈرەش قىلغانلىقىمىزغا ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. چۈنكى، ھاياتلىق ھوقۇقى ئۆز قولىمىزدا، ھاياتتا ئېرىشىشكە تېگىشلىك خۇشاللىق، بارلىق بەخت ـ ئامەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزغا كۆمۈلگەن. ئۇ بولسىمۇ، بىر ئادەمنىڭ ھاياتقا بولغان مەڭگۈلۈك ئېتىقادى يولىدىكى ئۆز مۇمكىنچىلىكلىرىدۇر.

دېمەك، تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشى ئەبەدىي ئۆزىمىزگە باغلىق. ئەگەر ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە لەززىتىگە ئېرىشىمەن دەيدىكەنمىز، چوقۇم ۋۇجۇدىمىزدىكى ئاچقۇچنى تاپايلى! ھاياتلىق يولىدىكى بارلىق بەخت ۋە ئامەت ئىشىكلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئاچايلى! دۇنيادىن نامۇ ـ نىشانسىز، شۇنداقلا خار ۋە موھتاجلىقتا ئۆتۈپ كەتمەي، تېگىشلىك نېسىۋىمىزگە ئېرىشىش ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشايلى! ئىنسان بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەردىن بىزمۇ بەھرىمەن بولايلى، جاپالىق ئىزدىنىش ۋە تىنىمسىز ئىجتىھات ئارقىلىق ئاچقۇچقا ئىگە بولايلى! بۇ ناھايىتىمۇ ئاددىي بولغان ھايات قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە پارس شائىرى سەئدى مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر ئاچقۇچ بولمىسا ئۆز قولۇڭدا،
بەخت ـ تەلەي بولماس ماڭغان يولۇڭدا.»

بۇ مىسرالاردىكى ھەقىقەت ئۆز قايمۇقۇشلىرى ئىچىدە تەقدىردىن زارلىنىۋاتقانلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئويغىنىش سىگنالى. شۇڭا، ئۇ مىڭ يىللار ئۆتسىمۇ قىممىتىنى يوقاتمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ جۇلا قىلىدۇ، ئەجەبا، بىز مۇشۇنچىلىك ئاددىي ھەقىقەتنىڭ مېغىزىنى چاقالماسمىزمۇ؟ (02)

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ)

# دانا يېتەكچى، شانلىق مۇۋەپپەقىيەت

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. ئۇ ئۆزىنىڭ 80 يىللىق ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيىتى ۋە جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدە كەڭ خەلق ئاممىسىغا توغرا رەھبەرلىك قىلىپ، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىزدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇرۇنقى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى بىر خىللا ئىقتىسادىي قۇرۇلما بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىك ئورتاق راۋاجلاندۇرۇلغان ئىقتىسادىي تۈزۈم — بازار ئىقتىسادىي تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈمى يۈزلىنىشى بىلەن ئىقتىساد كۈندىن-كۈنگە تېز يۈكسىلىپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار پىلاننى تۈزۈپ، ئۇگۇشلۇق يېتەكچىلىك قىلماقتا.

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېگەنىدى: «خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ھەر جەھەتتىكى كونكرېت مەنپەئەتتىن ھاسىل بولىدۇ. بىزنىڭ بارلىق سىياسەت-تەدبىر ۋە خىزمەتلىرىمىز ھەر خىل مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا پايدىلىق بولۇشى ۋە ئۇنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى، ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەستايىدىل ئويلاشقان ۋە ئۇنىڭغا تەڭ ئېتىبار بەرگەن بولۇشى كېرەك. ۋەھالەنكى، ئەڭ مۇھىمى چوقۇم ئالدى بىلەن ئەڭ كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنى ئويلاش ۋە ئۇنى قاندۇرۇش شەرت.»

پارتىيىمىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يولىيورۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات جەريانىدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر خىل مەنپەئەتكە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ھەممىدە ئەڭ كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنى ئويلاشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەڭ خەلق ئاممىسىغا توغرا يول كۆرسىتىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئارزۇسى بولغان ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇردى. بىز تۆۋەندىكى پاكىتلارغا نەزەر سالايلى:

دۆلىتىمىز 2001-يىلىغا كېلىپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 9 تىرىليون 593 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتكۈزگەن. خەلقئارا نوپۇزلۇق ئىقتىساد تەشكىلاتلىرىنىڭ ئېلان قىلغان ماتېرىيالىغا قارىغاندا، 2001-يىلغا كەلگەندە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارى دۇنيا بويىچە 6-ئورۇنغا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىچىدە 1-ئورۇنغا ئۆتكەن. 2001-يىلى دۆلىتىمىزدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات قىممىتى 900 دوللاردىن ئاشقان. ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، 1998-يىلىدىن باشلاپ مەملىكەت ئىچىدىكى بازاردا ئۆكسۈكچىلىك نىسپىي باياشاتلىققا ئۆزگەرگەن. مەملىكەت ئىچىدىكى بازاردا تەمىنلەش تەلەپنى قاندۇرالمايدىغان تاۋار تۈرلىرى يوق بولۇپ، تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كەتكەنلىرى %86 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن؛ پولات-تۆمۈر، كۆمۈر، خىمىيىۋى ئوغۇت، سېمونت، تېلېۋىزور، ئاشلىق، گۆش، پاختا، سۇ مەھسۇلاتلىرى، قوغۇن-تاۋۇز، يەل-يېمىش قاتار-

لىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتكەن.

تاشقى سودا جەھەتتىمۇ دۆلىتىمىز ئاجايىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 2001 ـ يىلى دۆلىتىمىزنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 509 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1990 ـ يىلدىكىدىن 3.4 ھەسسە ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن، دۇنيا سودىسىدىكى ئورنى 1990 ـ يىلدىكى 16 ـ ئورۇندىن 6 ـ ئورۇنغا ئۆتكەن. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 250 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ، دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇنغا ئۆتكەن. دۆلىتىمىز چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشتا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بويىچە ئۇدا توققۇز يىل 1 ـ ئورۇندا تۇرغان، دۆلىتىمىز 1990 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە ئەمەلىي پايدىلانغان چەت ئەل مەبلىغى 510 مىليارد 800 مىليون دوللار بولغان. بۇلتۇر دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا رەسمىي ئەزا بولدى. تەرەققىيات دۆلىتىمىزگە بايلىق ئېلىپ كەلدى، دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى زورايدى. دۆلىتىمىزنىڭ مالىيە كىرىمى 2001 ـ يىلى 1 تىرىليون 637 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتكەن. مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت يېقىنقى ئۈچ يىلدىلا غەربىي رايوندا 30 نەچچە چوڭ تۈرنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، جەمئىي 600 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان. دېمەك، دۆلىتىمىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇقتىلىق ئۇل تەتقىقات پىلانى، پەن ـ تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى، «863» پىلانى، مەشئەل پىلانى، ئۇچقۇن پىلانى، يالقۇن پىلانى ۋە دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش تەتقىقات مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق سانائەتنى تەجرىبە قىلىش پىلانى قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم پەن ـ تېخنىكا ھەرىكەتلىرىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ گېننى ئۆلچەش تەرتىپى، ئادەملىك ئالەم قاتنىشى ۋە باشقا جەھەتلەردە زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيانى ئۆزىگە قاراتتى. مائارىپ جەھەتتە توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى مەملىكەت بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇلغان. قۇرامىغا يەتكەن ساۋاتسىزلار ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىگەن. ئالىي مائارىپ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان.

مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 2001 ـ يىلى 12%گە يەتكەن. پۇقرالارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇچۇرغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغان. ھازىر «10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» لەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ. ھەميانىدا پۇل كۆپىيىپ، ئوزۇقلۇق سەرخىللاشقان. ئولتۇراق ئۆيلەر چوڭايغان، شەخسلەرنىڭ سېتىۋالغان پىكاپلىرى بارغانسېرى كۆپەيگەن. كىيىم ـ كېچەك ئېسىللىشىپ، جۇڭگو زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن كىيىم ـ كېچەك دولقۇنى خەلق تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق نامايەندىسىدۇر. ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ مەدەنىيەت ساپاسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ماگىستىر، دوكتور ئاشتىلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. كىشىلەرنىڭ تەربىيىلىنىش ئېڭى، دەرىجىسى تېز ئۆسكەن. ئۇچۇر، خەۋەر ئالماشتۇرۇشى بارغانسېرى تېزلەشكەن. بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكىتىمىزدە مۇقىم تېلېفون ئابونتلىرىنىڭ سانى 200 مىليوندىن ئېشىپ، دۇنيا بويىچە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتكەن. ھازىر يانفون ئابونتلىرىنىڭ سانى 180 مىليونغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىگەن. ھازىر مەملىكىتىمىزدە ھەر ھەپتىدە ئاز دېگەندە بىر سائەت تورغا چىقىدىغانلار 45 مىليون كىشىدىن ئېشىپ، دۇنيا بويىچە 3 ـ ئورۇننى ئىگىلىگەن.

يۇقىرىقىدەك شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ دانا يېتەكچىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولىدىكەن، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىنى ئۇتۇقلۇق قولغا كەلتۈرەلەيمىز. جۇڭگودا جۇڭگو كومپارتىيىسىلا ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە، جۇڭگودىكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىگە، جۇڭگودىكى ئەڭ كۆپ ساندىكى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدۇ. (09)



# بۇ رىۋايەت ئەمەس

ئوسمان رەشىت

2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، قۇياش ئىللىق نۇرىنى بار كۈچى بىلەن زېمىنغا تاشلاۋاتقان بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال يېزىسىغا قاراشلىق چىنكۆل 6 ـ كەنتىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

بۇ كەنت يېزا مەركىزىدىن 17 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىنكۆل باشقۇرۇش رايونىغا تەۋە تۆت كەنت ئاھالىسىنىڭ بازىرى مەركىزىگە جايلاشقانىدى.

كەنت ھويلىسىدا ۋاسكېتبول، ۋالىبول مەيدانلىرى ۋە تىكتاك توپ جازىلىرى، شاھمات جوزىلىرى ئۆلچەملىك ياسىلىپ، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. مەيداندا بولسا كەنت ياشلىرى بىلەن ناھىيىمىزنىڭ چاھارباغ يېزىسىدىن كەلگەن كوماندا ئەزالىرى تۈرلەر بويىچە كەسكىن مۇسابىقە ئېلىپ بېرىۋاتقانىكەن. بىزنى 22 ياشلاردىكى بىر يىگىت كەنتنىڭ چوڭ زالىغا باشلىدى، زال ئىچىدىمۇ ئادەم كۆپ ئىدى. ئۇلار تولۇق چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن سەپلەنگەن سەنئەت ئەترىتىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن كۆرمەكتە ئىدى.

«مېنىڭ ئىسمىم مەخمۇت ھەسەن، — دېدى يىگىت بىزگە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — مەن مۇشۇ 6 ـ كەنتنىڭ ئىتتىپاق ياچېيكا سېكرېتارى بولىمەن. بىز بۇ يىل يىل بېشىدىن باشلاپ كەنتىمىزدە 12 نەپەر كىشىنى تاللاپ بىر دېھقانلار سەنئەت ئەترىتى، 12 نەپەر ياشنى تاللاپ بىر ۋالىبول كوماندىسى ۋە ۋاسكېتبول كوماندىسى تەشكىللەپ، باشقا قوشنا كەنت ۋە يېزا ـ بازارلار بىلەن دوستلۇق مۇسابىقىسى ئېلىپ بارغاندىن باشقا، كەنتىمىزدە توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايراملاردا ئويۇن قويۇپ پائالىيەت ئېلىپ باردۇق. ياشلارنىڭ مەنىۋى كەيپىياتىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، ھەر ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنى كەنت ھويلىسىدا مانا مۇشۇنداق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇۋاتىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا، ياشلارنى تەشكىللەپ، كەنتىمىزدە تىككۈچىلىك، ياغاچچىلىق، رېمونتچىلىق كەسپىي سىنىپلىرىنى ئېچىپ، 30 دىن ئارتۇق ياشنى تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلەپ، سەككىز قارار كۇرس ئېچىپ، دېھقان ياشلىرىنى چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئۇلاقچىلىق ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈش قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىدە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەپ چىقتۇق.



بىز بۇ كەنتنىڭ 2 ـ ، 6 ـ مەھەللىلىرىدىكى تىككۈچىلىك كەسپىي سىنىپى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش سىنىپى، بېلىق بېقىش ئۇقتىسى ۋە توخۇ بېقىش ماھىرلىرىنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ، 1 ـ مەھەللىدىكى كۆچەتزارلىقتا توختىدۇق. كۆچەتلىك ئىچىدىن 20 ياشلار چامىسىدىكى خۇش چىراي بىر يىگىت چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالدى.

«بۇ يىگىت ئوبۇلقاسىم ئۆمەر بولىدۇ، ئۇنىڭ دادىسى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئىككى يىل بولدى، ئۇزۇن ئۇزاق يىل پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغان دادىسىنى داۋالىتىپ بارلىق بىساتىدىن ئايرىلىپ، قېرى، كېسەلچان ئانىسى بىلەن بىر ئېغىزلا كونا ئۆيدە قالغان، ئوبۇلقاسىم بولتۇر ئۆزى تەنھا بىر يىل ئىشلەپ سەككىز مو يەردىكى كېۋەزنى راسا ئوخشاتقان بولسىمۇ، پاختا باھاسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن دېگەن پۇلغا ساتالماي، بىر مۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا پاناھلىنىش ئۈچۈن كەتمەكچى بولغىنىدا، بىز كەنتتىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى بىرلىشىپ ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئېلىپ قالغاندۇق، بۇ يىل كېۋەز تېرىش ئۈچۈن ئاغدۇرۇپ تەخلەپ قويغان ئۈچ مو سەككىز پۇڭ يېرىگە قومۇلدىن بەش كىلو چىلان ئۇرۇقى كەلتۈرۈپ، 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىغانىدى، مانا ھازىر كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بۇ كۆچەتلىكتە جەمئىي 52 مىڭ تۈپ چىلان كۆچىتى يېتىشتۈرۈلگەن بولۇپ، 128 كۈندە كۆچەتنىڭ ئالدى بىر مېتىردىن ئېشىپ، بەزىلىرى ئېخى مېۋە بېرىپتۇ، ئۆلۈشكۈن خوتەندىن بىر سودىگەر كېلىپ، ھەر بىر تۈپ چىلان كۆچىتىگە ئۈچ يۈەندىن پۇل بېرەي، سېتىپ بەرسىڭىز دېۋىدى، ساتقىلى ئۇنىمىدى، بۈگۈن ئەتىگەنمۇ پوسكام ناھىيىسىدىن بىرى كەپتۇ، يەنە ساتماپتۇ» دەپ تونۇشتۇردى كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى مەخمۇت ھەسەن.

«ئۇكام، بايىقى سۆزلەر راستمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ساتمىدىڭىز؟ بىر تۈپ چىلان كۆچىتى ئۈچ يۈەندىن بولسا بۇ ئۈچ مو سەككىز پۇڭ يەردىكى 52 مىڭ تۈپ چىلان كۆچىتى 150 مىڭ يۈەندىن ئاشامدۇ؟ بۇنى ھېسابلاپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدىم مەن ئەجەبلىنىپ.

ئوبۇلقاسىم كۈلۈپ كېتىپ: «ئاكا، مېنىڭ مەقسىتىم، بۇ كۆچەتلەرنى قىشتىن ئۆتكۈزۈپ كۈز قويۇپ ئۇلاپ رەسمىي كۆچەت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، ئاۋۋال ئۆز كەنتىم ۋە ئۆز يېزامدىكى خەلقنىڭ چىلان كۆچىتىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن سىرتلارغا ساتساممۇ كېچىكمەيمەن، چۈنكى، مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشكەندە مۇشۇ كەنت، مۇشۇ يېزىدىكى خەلق ماڭا يۆلەنچۈك بولغان ۋە بېشىمنى سىلىغان، مەن پۇلنى دەپ ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ» دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

مەن باياتىن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ «رىۋايەت» ئەمەس، بەلكى رېئاللىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئىسپات قالدۇرۇش ئۈچۈن تېلېكامېرا ۋە فوتو ئاپپاراتىمدا نەق مەيداننىلا بىرقانچە قېتىم سۈرەتكە تارتىۋېلىپ قايتىپ كەلدىم. (02)

# ئوقۇتقۇچى روھى ۋە مائارىپ

گۈلنىسا سەيپۇل

ئەگەر ئاتاڭ بىلەن ئوقۇتقۇچۇڭ بىرلا ۋاقىتتا تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئۇلاردىن بىرىنىلا كېپىللىككە ئېلىپ چىققىلى بولسا، بالا بولغۇچى ئىكەنسەن، ئاۋۋال ئوقۇتقۇچۇڭنى كېپىللىككە ئېلىپ چىق.

— يەھۇدىي ھېكمەتلىرىدىن

ئوقۇتقۇچى — بىر مىللەتنىڭ نادانلىقتىن ئىبارەت مەنىۋى كېسەلنى شىپا تاپقۇزۇش يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىپ ھارمايدىغان خالىس تۆھپىكار. شۇڭا، بىزدە جاپالىق مېھنىتى بەدىلىگە ئىنسان قەلبىنى ئىلىم بېزەكلىرى بىلەن زىننەتلىگەن ئۇستازلارنى قەدىردان ئاتا-ئانىمىز بىلەن بىر قاتاردا، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتەك ئېسىل ئەنئەنە بار. بالىلىرىمىز كىچىكىدىن تارتىپ ئاغزىغا ئىلىم نېنىنى سالغان ئوقۇتقۇچىنى چوڭقۇر ھۆرمەتلەپ كەلگەن. كەڭ ئاتا-ئانىلارمۇ بىلىم-ئىستېدات نەمۇنىلىرى بولغان ئۇستازلارنى يۈكسەك ئورۇنغا قويغان. ئوقۇتقۇچىلار بولسا ئەمەل، شۆھرەت، ھۆرمەت تەمەسىدە بولماي، ھېكمەت دۇردانىلىرىنى ۋەتىنىنىڭ كېلەچىكى ھېسابلانغان ئەۋلادلار ئۈچۈن ئايىماي سەرپ قىلغان. قىسقىسى، مىللىتىمىزدە قايسى دەۋردە بولمىسۇن ئىلىمنى ئۇلۇغلاش، ئىلىمنىڭ خەزىنىسىنى بېيىتىش، ئۇنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش خىسلىتى خۇددى ئۈزۈلمەس ئېقىندەك ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن. لېكىن بۈگۈنكى مائارىپ ئەھۋالىمىزغا سەمىمىيەت بىلەن دىئاگنوز قويىدىغان بولساق، ئىلگىرىكىگە ئانچە ئوخشاشمايدىغان ئەھۋاللارنى بايقايمىز. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىز ھازىرقى مائارىپ ئەھۋالىمىز ھەققىدە بەزى سوغۇققان مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ مۇلاھىزىلەردە قايناش، ئاغرىنىش، خورسىنىش ۋە ئۈمىدسىز كەيپىياتلار كۆپ بولدى. بۇنداق بولۇشتىمۇ مەلۇم سەۋەبلەر بار، ئەلۋەتتە. ئەمما ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ ئىنچىكىلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزسەك، ئاغرىنىشىمىزغا ھېچقانداق ئورۇن قالمايدۇ. چۈنكى، خورسىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش ھاياتىي كۈچىنىڭ ئاساسەن ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ياكى ئۇ ئاجىزلارنىڭ ھايات مەنتىقىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا، قېنى كىم بىزنىڭ مائارىپىمىزنى ھاياتلىق ھۈجەيرىسى قۇرۇپ كەتكەن مۇردا دېيەلەيدۇ؟ مائارىپىمىز يېتىشتۈرۈپ چىقىۋاتقان تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلار، دوكتورلار، شائىر، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار نېمىنىڭ مەھسۇلى؟ ئۇ نەتىجە ئەمەسمۇ؟ بەلكىم بەزىلەر مائارىپىمىزدىن باشقىچىرەك نەتىجە كۈتىدىغاندۇ. ھاياتلىق بار يەردە ئارزۇ-تەلەپ بولىدۇ. ئەمما، تەلەپ سەۋەب ئارقىلىق ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بار نەرسە. بولمىسا، تەلەپ قىلغۇچى ئازاب بىلەن بارمىقىنى چىشلەپ قالىدۇ. شۇڭا، نېمىنى تەلەپ قىلىشنى بىلىشمۇ بىلىم ھېسابلىنىدۇ. ھازىر بىزنىڭ مائارىپىمىز ئۆزى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىۋاتىدۇ. ھايات ئۇنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. بىز تەپەككۇر بار يەردە ھاياتلىق بار دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ مائارىپىمىز بار، بەلكى ئۇ ئاجايىپ زور يوشۇرۇن ئىستىقبالغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ پىكىر قىلىۋاتىدۇ.

ئەگەر راستىنلا ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە مائارىپىمىزدىن ئەمەس، مائارىپ روھىمىزنىڭ يىگىلەپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنىش كېرەك. مائارىپ روھى ئۆلگەن يەردە مائارىپ بولمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ مائارىپ روھى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئېتىقادىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. مائارىپ روھى ئاساسلىقى ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش روھى-

دۇر. تېخىمۇ كەسكىنرەك قىلىپ ئېيتقاندا، پىكىر قىـ لىش ۋە ياشاش روھىدۇر. ئەگەر مائارىپ روھى بولمىسا، 100 قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىنالىرىنىڭ، مىليون كىشىلىك تەربىيىلىگۈچىلەر قوشۇنىنىڭ بولۇشى ھېچنېمىــگــە ئەرزىمەيدۇ. مائارىپ روھى ئۆلمىگەن جايدا ھەربىر ئائىلە مەكتەپكە، ھەربىر ئاتا ـ ئانا تەلەپچان ئۇستازغا ئايلىنىدۇ.

بۇ جەھەتتە يەھۇدىيلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا بولــىدۇ. ئۇلار 2000 يىلدىن كۆپرەك سەرسان ـ سەرگەردانــلــىق ھاياتىدا، فاشىستلارنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا باشـ لىرى چېپىلسىمۇ، كۆزلىرى ئويۇۋېتىلسىمۇ، مىللىي روھىدىن ھەرگىز ئايرىلىپ قالمىدى. ئۇلارنىڭ مىللىي روھى بىلىم ۋە قابىلىيەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان مىللىي ئېتىقاد ئىدى. ئۇلار ھەممىدىن بەك مائارىپقا ئەھمىيەت بەردى. مائارىپ ئارقىلىق بىــلــىم ساپاسىنى ئۇزلۇكسىز ئۆستۈردى. غايە مەشئىلى تو پـ توغرا 2000 يىل لاۋۇلدىدى. ئۇلار ئاۋۋال ئەقىلغا سىـ غىندى، ئەقىل ئارقىلىق پۇل تاپتى، پۇل ئارقــىــلــىق ئۆزىنى قۇتقۇزدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى بىزگە مىللىي روھ (مائارىپ روھى)، بىلىم ۋە ئەقىل ھەم ئويۇشقاقلىق بولىدىكەن ھەممىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى جانـ لىق ئىسپاتلاپ بېرىشكە يېتەرلىك.

يەر شارىدا بەزى مىللەتلەرگە ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ماكان ئاتا قىلىنغان. ئۇلار ئالتۇن ئۈستىگە دەســەپ يۇ- رۇشكەن. ھەربىر كۈنىنى خۇددى بايرامدەك خــۇشــال ـ خۇرام ئۆتكۈزگەن. ئەمما تارىخنىڭ چاقى ئايلىنىپ، ھاـ ياتنىڭ ئىككىنچى بىر يۈزىگە يۈزلەنگەندە، ئۇلاردا تو- يۇقسىز بىچارىلىك كۆرۈلگەن، ئۇلار ھاياتنىمۇ توّت پە- سىلنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتمىگەچكە، «بوران ـ چاپقۇن» ئالدىدا تېڭىرقاپ قالغان. چــۈنــكى، ئۇلارنىڭ ھايات مەنتىقىسىدە جۇغراپىيىلىك ماكان ئەۋ- زەللىكىدىن پەيدا بولغان ھۇرۇنلۇق ۋە بىپەرۋالىق ئىز- نالىرى بار. ئۇلار باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغان نەرسىگە سەل قارىغان.

يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدىن شۇنى بىلەلەيمــىزكى، ئىنسانغا ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان نەرسە بىلىم، ئەقىل ۋە ھايات تەجرىبىسىدۇر. ماقالىنىڭ باش قىسمــىــدا دەپ ئۆتكەنىدەك، بىز بۇ جەھەتتە ئىبىسل ئەنئەنىگە ئىگە. ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىقنىڭ رەڭدار گۈللىرى ئەنە شۇ تۇپراقتا بىخلىنىدۇ، چېچەكلەيدۇ، مېۋە بېرىدۇ. ئۇنـ داقتا، ئەنئەنىنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ ئەنئەنە ھەرگىزمۇ ئۆتمۈشتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ياكى مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن غەلىبە ـ نۇسرەتلەر ئەمەس، بەلكى ئاشۇ مۇقەددەس غەلىبىلەرنى قانداق قولغا كەلـ تۈرۈش روھىدۇر. مانا بۇ ھەقىقىي ئەنئەنــىدۇر. بــىــر مىللەتنىڭ مائارىپى شۇ مىللەتنى ئەنئەنىسىنى تېپىـ ۋېلىشقا يېتەكلىشى، شۇ ئاساستا بۈگۈنىنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجىغا جاۋاب ئىزدىشى كېرەك. ھازىر بىلىم ئىـ گىلىكى دەۋرى باشلىنىپ كەتتى. مەركەزنىڭ «غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش» چاقىرىقى شىنجاڭدا بىر مەيدان كەسكىن كۈرەش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ. بۇ كۈرەش دەل مىللەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ساپاسىنى ئۆسـ تۈرۈش بىلەن ئېختىساسلىقلارنى تىرىشىپ قولغا كەلـ تۈرۈش كۈرىشىدۇر. ھازىرقى دەۋردە كىشىلەر ئۆز زاماـ نىسىغا خاس بىلىم، قابىلىيەت ئىگىسىگە ئايلانمىسا، ھەتتا ئۆز قورسىقىنىمۇ باقالماي، ئاچ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر — كاللىسىدىكى بايلىق ئې- چىلسا بەخت ئىشىكى ئېچىلىدىغــان، «تــاش» «ئــالـ تۇن»غا ئايلىنىدىغان؛ كاللىسىنى دات باسسا، ئــەقــىل پېچىقى گال بولسا، «ئالتۇن»مۇ «تاش»قا ئايلىنىپ قاـ لىدىغان دەۋر. شۇڭلاشقىمۇ مائارىپقا بولغان ئېھتىياج زورىيىپ كەتتى. نۆۋەتتە ھەربىر ئوقۇتقۇچى بۇ نۇقتىـ نى چۈشەنمىسە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلگىرىكى مائارىپ روھىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىنى تونۇپ يېتىپ، بەختىيار كېــلــەـ چەككە ئۇل سالمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. «دۆلەتـ نىڭ ئۈمىدى مائارىپتا، مائارىپنىڭ ئۈمىدى ئوقۇتقۇ- چىلاردا.» بۇ سۆز ناھايىتىمۇ جايىدا ئېيتىلغان. ئۇنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ! (02)

(ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان يېزا ماچاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە)



# ئەر ـ ئاياللاردىكى پەرق

ئەرلەر كونا ئىچ كىيىم كىيسە كىيىدۇكى، قورساقىغا كۆڭلەك ئۈچ ۋاخ ئۈۋال قىلىشنى خالىمايدۇ؛ ئاياللار ئۈچ يىل ناشتا قىلمىسا قىلمايدۇكى، تېجەپ قالغان پۇلغا داغلىق پەلتو سېتىۋالماي قويمايدۇ. ئەرلەر ماگىزىن ئارىلىسا، ئارىلىغانسېرى روھى چۈشۈپ كېتىدۇ؛ ئاياللار ماگىزىن ئارىلىسا، ئارىلىغانسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئەرلەر ماللارنى سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ. ئاياللار كۆڭلىگە ياققۇدەك مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن، ئايىغىنىڭ پاشنىسى ئاجراپ كېتىشكىمۇ قارىمايدۇ. ئەرلەر ماگىزىنغا كىرسە تاماكا سېتىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئاياللار ماگىزىنغا كىرسە ئەتىر سېتىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەرلەر ئوخشاش جىنستىكىلەرنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلغا ھەۋەس قىلىدۇ، ئاياللار ئوخشاش جىنستىكىلەرنىڭ فىگۇرىسىغا ھەۋەس قىلىدۇ. ئەرلەر گۈزەللىكنى دەپ مۇھەببەتنى قوغلىشىدۇ، ئاياللار بولسا مۇھەببەتنى دەپ گۈزەللىكنى قوغلىشىدۇ. ئەرلەرگە باشقىلار گەپ قىلسا، كۆپىنچە سول قۇلىقىدىن كىرىپ ئوڭ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ؛ ئاياللارغا باشقىلار گەپ قىلسا، ھەر ئىككى قۇلىقىدىن كىرىپ، كۆپىنچە بىر قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەرلەرنىڭ يېشى قانچە چوڭايغانسېرى ئاياللارنىڭ ئىشى بىلەن شۇنچە كارى بولمايدۇ؛ ئاياللارنىڭ يېشى قانچە چوڭايغانسېرى ئەرلەرنىڭ ئىشىغا شۇنچە ئارىلىشىدۇ. ئەرلەر مۇھەببەتتە چوقۇم جىنس بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ، ئاياللار جىنستا مۇھەببەت بولمىسا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەرلەر تولاراقى جىنسنى دەپ مۇھەببەتتىن كېچىدۇ. ئاياللار تولاراقى مۇھەببەتنى دەپ جىنستىن كېچىدۇ. ئەرلەر دوستلۇق ئىچىدىكى مۇھەببەتكە ئايلانمايدۇ، دەپ بىئارام بولىدۇ؛ ئاياللار مۇھەببەتنى رەت قىلسا ئىچىدىكى دوستلۇقتىنمۇ قۇرۇق قالغانلىقىدىن قايغۇرىدۇ. ئەرلەر توي قىلىشتىن ئىلگىرى خۇددى نەۋرىدەك ئىتائەتمەن كېلىدۇ، تويدىن كېيىن ئاكاڭ قارىغايدەك بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ؛ ئاياللار توي قىلىشتىن ئىلگىرى خۇددى قارلىغاچتەك، ئۇچقۇسى كەلسە ئۇچۇپ كېتىۋېرىدۇ، تويدىن كېيىن ئۆردەكتەك، ئۇچاي دېسىمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەرلەر ساغلاملىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، رەڭگىرويىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ؛ ئاياللار ياشلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھۆسن ـ جامالىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەرلەر كۆرۈش سېزىمى تىپىغا كىرىدۇ، چىرايلىق ئاياللارغا قاراشقا ئامراق كېلىدۇ؛ ئاياللار ئاڭلاش سېزىمى تىپىغا كىرىدۇ، شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى ئاڭلاشقا ئامراق كېلىدۇ. ئەرلەرنىڭ كۆرەڭلەيدىغان ۋاقتى ئۆزىنى قۇدرەتلىك ھېس قىلغان ۋاقتىدۇر؛ ئاياللارنىڭ كۆرەڭلەيدىغان ۋاقتى ئۆزىنى مەپتۇن قىلارلىق ھېس قىلغان ۋاقتىدۇر. ئەرلەر بىرەرسىنى تېپىپ ھەدەپ پو ئېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاياللار ھامان بىرەر مۇڭگە بېشىنى قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەرلەر ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشنى كۆپىنچە ئاددىي ۋە تۈز، دەپ قارايدۇ، ئاياللار ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشنى كۆپىنچە مۇرەككەپ ۋە سىرلىق، دەپ قارايدۇ. ئەرلەر خوتۇن ئالسا، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئوبرازىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتمەسلىكىنى ئۈمىد

قىلىدۇ. ئاياللار ئەرگە تەككەندە، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن
ئوبرازىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قى-
لىدۇ. ئەرلەر ئاياللارنىڭ تەبەسسۇمىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە
تەبەسسۇم جازىبىلىك كۆرۈنىدۇ، دەيدۇ. ئەرلەر ئاياللارنى
قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى قى-
لىدۇ؛ ئاياللار مۇھەببەت ھېس قىلىش ئۈچۈن شېرىن -
شېكەر سۆزلەرنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەرلەر دە-
رەخكە ئوخشايدۇ، ئاياللار ئاسراپ تۇرمىسا ئاسانلا قۇرۇپ
قالىدۇ. ئاياللار گۈلگە ئوخشايدۇ، ئەرلەر ھەمراھ بولمىسا،
ئاسانلا سولىشىپ قالىدۇ. ئەرلەر خۇددى ئۆتكۈنچى شامالغا
ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقى ئاياللىغا ئەڭ
ئېنىق بولىدۇ؛ ئاياللار خۇددى بىر پىيالە مەيگە ئوخشايدۇ،
ئۇنىڭ تاتلىق - ئاچچىقلىقىنى ئېرى ئەڭ ئوبدان بىلى-
دۇ. ئەرلەر دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، دۇنيا ماھارەت
كۆرسىتىش مەيدانى ھېسابلىنىدۇ؛ ئاياللار ئائىلىگە ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىدۇ، ئائىلە پاناھ جاي ھېسابلىنىدۇ. ئەرلەر
دائىم كىرىمىنى يوشۇرىدۇ، ئاياللار دائىم يېشىنى يوشۇ-
رىدۇ. ئەرلەر ماختىنىشقا ئامراق، ئاياللار ئەركىلىتىشكە
ئامراق. ئەرلەر ئايالىنىڭ ئوماق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ،
ئاياللار ئېرىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ ئەر
ئايالنى كۆرسە يۈرىكى دۈپۈلدەيدۇ، ئايال ئەرنى كۆرسە
قىزىرىپ كېتىدۇ. ئەرنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكى ئايالنى بىر
مەھەل ئۆزىگە قارىتالايدۇ، ئاياللارنىڭ تەبەسسۇمى ئەرنى
بىر ئۆمۈر ئۆزىگە قارىتالايدۇ. ئەرلەرنىڭ ئىش تەۋرىتىشى
بۇ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئاياللارنىڭ
ئىش تەۋرىتىشى دۇنيادا ئۆزىنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت
قىلىدۇ. ئەرلەر ئەمىلى ۋە مائاشى ئۆسكەن كۈنىنى ئۇنتۇپ
قالمايدۇ، ئاياللار تۇغۇلغان كۈن ۋە توي قىلغان خاتىرە
كۈنىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. (09)

(خوتەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن تۇرسۇننىياز راخمان ت)

## «شادلىق» چاچ تولۇقلاش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش مەركىزى سىزگە جەزىبدارلىق ئاتا قىلىدۇ



چاچ توقۇشتىن ئىلگىرى

### «شادلىق» تۇرمۇشىڭىزغا شادلىق ئاتا قىلغۇچى

دورا ئىشلىتىپ-
مۇ ئۈنۈمى كۆرۈل-
مىگەن، يالغان چاچ
تاقاشنى تېخىمۇ بى-
ئەپ كۆرىدىغان
كىشىلەرگە، مەركى-
زىمىز ئوپېراتسىيە
ئېلىپ بېرىلمىغان،
دورا ئىشلىتىلمىگەن ئاساستا، چېچىڭىزنىڭ سۈپىتى
ئاساس قىلىنىپ، ئالاھىدە تېخنىكا ئارقىلىق 100%
لىك ھەقىقىي چاچتىن تولۇقلاپ بېرىمىز. چېچىڭىزنى
خالىغانچە تارىيالاي-
سىز، يۇيالايسىز،
بۇدۇر قىلالايسىز،
بوياتقۇزالايسىز.
تېلېفون:
0991 _ 2812313
ئادرېس: ئۈرۈم-
چى جەنۇبىي شىن-
خۇا يولى 44 _ نومۇر. 7 _ ، 35 _ ، 36 _ ، 62 _ ، 68 _
يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
دوختۇرخانىسى بېكىتىدە چۈشسىڭىز بولىدۇ.



رەسىم چاچ توقۇشتىن كېيىن

# مېنىڭ روھىم پاكلاندى

ئابلىز سۇلايمان



مەن مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2002 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىكى «« توۋا»نىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ» دېگەن ماقالىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدىم. مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم كۆز ئالدىمدا قايتا نامايان بولدى. بۇ ماقالە خۇددى مەن ئۈچۈنلا يېزىلغاندەك، زور سۆيۈنۈش بىلەن قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم. دەرۋەقە، ئادەم قىلغان گۇناھىغا ئاغزىدا «توۋا» دېمەك ناھايىتى ئاسان. ئەمما ئەمەلىيەتتە توۋا قىلىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. خۇددى ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپنىڭ ئۆزى مەزكۇر ماقالىدە تىلغا ئالغاندەك، توۋا قىلىش كىشىلەرنىڭ ئۆز قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئۈستىدىن يەكۈن چىقارغاندىن كېيىن قىلغان يامانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىپ توغرا يولغا مېڭىش دېگەنلىكتۇر.

بىراق، بالىلىقتىن باشلاپ قايسى يولدا مېڭىش، خاتالىقلاردىن قانداق ساقلىنىش ياكى بولمىسا مەلۇم خاتالىقلارنى سادىر قىلغاندىن كېيىن «توۋا»نى قايسى شەكىلدە قىلىش ھەممىلا ئادەم ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بولسا كېرەك. بەلكىم، ھەقىقىي «توۋا» قىلالىغان ئادەملا «توۋا»نىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي ھېس قىلالىشى مۇمكىن. ئۆز گېپىمگە كەلسەم، شۇ ماقالىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن مەنمۇ بىر «توۋا» قىلغۇچى ئىدىم. چۈنكى، مەنمۇ ماڭغان يولۇمدىن ئېزىپ خاتالىق سادىر قىلىشقا باشلىدىم. ئوچۇقراق ئېيتسام، ھاراق ـ تاماكىغا خۇمار بولۇپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە بىكار يۈرىدىغان يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالدىم. ئاتاممۇ بىر تەقۋادار كىشى ئىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ نېرۋىسىغا قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. مەن يامان يولدىن قايتالمىدىم. باشقىلار بىلەن تولا سوقۇشۇپ، خېلى قاتتىق دۇمبالاندىم. شۇ قېتىمقى ئىشتا مەن ھېچنەرسە بولمىغان بولساممۇ، ئاتام تويۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ئېغىر كۈنگە قالىدىغانلىقىمنى بۇرۇن ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئاتا ـ ئانىلارنى ھايات چېغىدا قەدىرلىمەي، ئۇلار ئۆلۈپ كەتسە ياد ئېتىش بىزنىڭ ئورتاق خاراكتېرىمىز ئوخشايدۇ. مەن ئاتامنى كۆمۈپ قويغان ئاشۇ بىر دۆۋە توپىنىڭ ئالدىدا قانچە ـ قانچە سائەتلەپ ئولتۇرغىنىمنى ساناپ بېرەلمەيمەن، پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە تۇپراق بېشىغا كەتسەم، تاكى چۈشكىچە قەبرىنى قۇچاقلاپ يىغلايتتىم. ئائىلىمىزدە بولسا جان سانىمىز كۆپ بولغاچقا، تىرىكچىلىك قىلىشىمۇ ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېلىقى چاغدا نوچىلىق قىلىپ يېگەن تاياق زەربىسىمۇ

يۈرەكتىن چىقمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاشۇنداق گاڭگىراش ۋە تېڭىرقاشلار بەش يىل ۋاقتىمنىڭ بىھۇدە سەرپ بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. ياشلىقىمنىڭ ئالتۇندەك چاغلىرى ئۆتۈپ كەتتى.

ئادەم دېگەنغۇ ئاجايىپ بولىدىكەن. ئۆزىمىزنىڭ خاتا قىلغانلىقىمىزنى ئىچىمىزدە بىلىپ تۇرساقمۇ، ئۇنى تەن ئېلىشقا پېتىنالمايدىكەنمىز. مەن بىر دېھقان بولساممۇ، كىچىكىمدە يېزىقچىلىققا ئانچە ـ مۇنچە ھەۋەس قىلالاتتىم. ئاتام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسا، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاھ ـ پەريادلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ مەسخىرە قىلىپ كەمسىتىشلىرى مېنىڭ ئۆلگەن غۇرۇرۇمنى قايتا ئويغاتتى. مەن «تۇۋا» قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. ئەمما يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، قانداق قىلسام ھەقىقىي تۇۋا قىلغان بولىدىغانلىقىم ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلانماي بولمايتتى. بۇ تۇۋا قىلىش بىزدىن ساغلام بەدەن، ساپ ئەقىل ۋە چوڭقۇر جىسمانىي كۈچ تەلەپ قىلاتتى. بۇنىڭغا يەنە روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقمۇ بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۆزۈم رەسمىي تۇۋا قىلىۋاتقاندەك بىر خىل ھېسسىياتقا كەلدىم.

دېمەك، ئاتامنىڭ روھى پاك ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئاقلايمەن دەيدىكەنمەن، بەدىنىمنىڭ پاكلىقىغا ھەر ۋاقىت كاپالەتلىك قىلىشىم كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆز روھىمنى پاكلىغىلى ۋە ئۇنى جۇشقۇنلاتقىلى بولىدۇ.

ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپنىڭ ئۇشبۇ ماقالىسى ماڭا ئوخشاش ياشلارغا ۋاقتىدا كەلگەن پۇرسەتتەك بولدى. مەن بۇ ماقالىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى ناھايىتى زور دەپ قارايمەن. دەرھەقىقەت، «تۇۋا» قىلىش قانداقتۇر بىر خىل خۇراپىي كۆز قاراش ئەمەس، بەلكى ئۇ يېڭىچە بولغان دۇنيا قاراش. يەنى ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى نەپسانىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە شەھۋانىيلىق خاھىشلىرىنى قاتتىق تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بىر ئۇقۇمنى مەقسەت قىلغان. يەنە ئۇ ئۇنچىۋالا سىرلىق ئىشمۇ ئەمەس، شۇنداقلا ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئاددىي ئىشمۇ ئەمەس. ئەگەر سىز بىرنەچچە كۈن تاماق يېمىگەن بولسىڭىز، ھورى چىقىپ تۇرغان بىر تەخسە گۆش ئالدىڭىزغا كەلسە قاراپ بەش مىنۇت سۈكۈت قىلىپ تۇرالايسىز ياكى ئۇنى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئۆز نەپسىڭىزدىن كېچىپ ئۇنىڭ ئېسلىگە كېلىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلالامسىز؟ مانا بۇلار ئادەمگە، ئىنسان روھىنىڭ ھەر ۋاقىت تازىلىنىپ تۇرۇشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھايات — ئۇ بىر خىل تاقەت ۋە سۆز قىلىش مەنىسىگە ئىگە. سۆز قىلىش ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنى تەھلىل قىلىش جەريانىدۇر. بۇ قىسقىغىنا چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە چەكسىز ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۆز ۋۇجۇدىمىزنى ھەر ۋاقىت تەپەككۇر دولقۇنلىرىدا پارچىلاپ كۆرسەك بولىدىكەن، چۈنكى، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى قويۇۋېتىشكە باشلىغان ۋاقتىمىز دەل ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتقا نىسبەتەن ھوشيارلىقىمىزنى يوقاتقان ۋاقتىمىز بولىدىكەن. ئادەتتە بىز ئۆيدىن ئۈچىمىزغا يىرتىق كىيىملەرنى ئارتىپ كوچىغا چىقساق، بىر ـ ئىككى ئادەم زاڭلىق قىلىپ كۈلسە بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئەمما ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىگە قاراپ كۇسۇرلاشسا، بۇ چاغدا ئۆزىمىزگە قاتتىق ئاگاھ بولۇشنىڭ لازىملىقىنى ۋە دەرھال «تۇۋا» قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ياكى بولمىسا ئۇ خۇددى ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپ ئوتتۇرىغا قويغاندەك، يېڭى ئەسىردىكى كەسكىن رىقابەت قايىنىمىدا ئۆزىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ناچار ئادەتلىرىمىزنى يېڭىپ چىقىشنىڭ، روھىمىزنى پاكلاشنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى بولىدۇ، خالاس. ئاخىردا مەن ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپنىڭ مېنىڭدەك «تۇۋا» قىلغۇچىنىڭ ھاياتىغا يېڭى مەنە بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن ھەم ئۇنىڭ مۇشۇ تېمىلاردا تېخىمۇ يېڭى مەزمۇنلارنى روياپقا چىقىرىشىغا تىلەكداشمەن. (09)

(گابدۇساتتار قاسىم فوتوسى)

(ئاپتور: پىچان ناھىيە دالانكارىز يېزا يانبۇلاق كەنت 2 ـ مەھەللىدىن)



# خىيال ۋە رېئاللىق

ھەسەنجان مەمتىمىن

ئۆزۈم شاۋقۇنسىز لاي سۇ ئېقىۋاتقان تاقىر ئۆستەڭنىڭ قىرىدا. قولۇمدا مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كەسپىي كىتاب. مەن ئاشۇ لاي سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئاچچىق تاماكىنى ئىشتىياق بىلەن شوراپ، نورمال ئىنسانلاردا بولىدىغان ئۆتمۈشۈم ۋە كەلگۈسۈم ھەققىدە خىيال قىلىشقا باشلىدىم. قولۇمدىكى كۆيۈپ تۈگەي دەپ قالغان تاماكا باللىق چاغلىرىمنى ئەسكە سالدى. سۈت چىقمىسىمۇ تالىشىپ ئېمىپ، ئېلىۋەتسە يىغلاپ، ئايرىلغۇمىز كەلمەي ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتۇۋالىدىغان رېزىنكە ئېمىزگە، كۆلۈۋەتتىم. مەن بۇ ياشقا كەلگەندىمۇ يەنىلا مۇشۇ ئېمىزگىنى ئېمىۋېتىپتىمەندە، نېمىدېگەن ئەخمەقلىق! دەل مۇشۇ ئەخمەقلىق مېنى ئەخمىقانە خىيال دېڭىزىغا غەرق قىلدى. خىيال كەپتىرىم كىشىلىك تۇرمۇش ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. خىيالىم جانلاندى. ھەر خىل كىشىلەر توپىغا قوشۇلغان بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرىكى خاسىيەتلىك كۈندە ئۆزۈمنى قالتىس سانايتتىم. روھىم كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغۇم كېلەتتى. نەتىجە قازىنىپ شان ـ شەرەپكە ئېرىشىپ، خۇددى لى بەيدەك بىردىنلا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغۇم كېلەتتى. ئەپسۇس، لى بەيدە ئىقتىدار، غايە بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا باشقىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئاندىن خانىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان. مەن ۋۇجۇدۇمدىكى كۈچلۈك ئىنتىلىشنىڭ تۈرتكىسىدە، مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى ئۆزۈمگە تايىنىشتەك شەخسىيەتچىل مىجەزىمنى دەرھال ئۆزگەرتتىم. گەرچە ئىنساننىڭ ئۆزىدە يېتىلگەن مىجەز ـ خاراكتېرنى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئۇنداق خالىغانچە تېز ئۆزگەرتىش ئەقىلغا سىغمىسىمۇ، ئەمما مەن تەۋە بولغان مىللەت كىشىلىرى ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ مەن ھېچ ئويلىماستىن ساختا بولسىمۇ كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ، ئۇزاق ـ ئۇزاق ھال ـ ئەھۋال سوراپ، ئەپ ئۆتۈش يولىنى تاللىۋالدىم. مېنىڭ بۇ تاللىشىم ئۇنۇم بەرگەندەك قىلاتتى. بىراق، بۇ ئۇنۇم كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان «كۈچلۈك» ئىنتىلىشىم ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەستەك تۇيۇلدى. مەن رازى بولمىدىم. يەنە ئۆزگەردىم. ئادەتتىكى ئاددىي كىشىلەرنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ ئادەتتىكى نورمال يېقىنچىلىق، خالاس. ئىشەنمىسىڭىز، ئۆزىنى باشلامچى، تەربىيە كۆرگەن، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، بىلىملىك دەپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئىستىلىغا نەزەر سېلىڭ. ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ توي ئىشىدىن باشلاپ، تاكى تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلارغا قەدەر دەرىجە، ئەمەل ـ مەنسەپ سۈرۈشتە قىلىپ، ئاز ـ تولا ئەمەلى بارلارغا خۇددى چىراغقا ئۆزىنى ئۇرغان پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇرىدۇ. ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەرمۇ باركى، ئايالى بىرەر ئەمەلدار بىلەن بىرەر قېتىم تانسا ئويناشقا نائىل بولالىسا ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلاپ، بىر يىل خۇشال يۈرىدۇ. كىشىلىرىمىزنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن قارىغۇلارچە

دوراش ئېگى ماگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن بولسا كېرەك.
بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى ھېسابلى‍ـ
نىپ، ئۇلارنى شان ـ شەرەپكە ئېرىشتۈرگەن ئالاھىدىلى‍ـ
كىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم.

«باشلىق»نى كۆرگەندە چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ،
ئاتا ـ ئانامدىن، بالىلىرىمدىن ئاياپ قالغان ئىللىق
خۇلقلىرىمنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئىككى قولۇمنى تەڭ
چىقىرىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەھۋال سوراپ كۆ‍ـ
رۈشتۈم. توۋا، نېمىشقا بالدۇرراق شۇنداق قىلمىغان بول‍ـ
غىيتتىم. ئەمدىلىكتە ئۈمىدلىرىم چولپاندەك پارلاپ، ئۆ‍ـ
زۈمنى بەختلىك سېزىدىغان، كۆڭلۈم تەسەللى تاپقاندەك
سېزىم بىلەن كۈن بويى خۇشال يۈرىدىغان بولدۇم.
گەرچە ئىلگىرى مەن يولۇققان تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق
مۇئامىلىدە مەلۇم جەھەتتىن يۈقىرى كۆتۈرۈلۈش بولغان‍ـ
دەك بولسىمۇ، بىراق ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولىدىغان‍ـ
دەك ئەمەس ئىدى. دېھقانلىرىمىز ئارىسىدا تارقىلىپ
يۈرگەن «ھازىرقى باسما قۇدۇققا بىر گاگزا (كورۇشكا) سۇ
قۇيمىسا بىر چېلەك سۇ ئالغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆز
ئېسىمگە كەلدىدە، تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدىم. شەھىرى‍ـ
مىزدىكى ئەڭ ئاۋات يەپ ـ ئىچىش مۇسابىقە سورۇنىدىن
بىر ئۈستەل ھازىرلاپ، خەلقنىڭ چاكىرى مۆھتەرەم رەھ‍ـ
بىرىمنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە چاقىرىپ مېھمان
قىلماقچى بولدۇم. بىردىنلا ئەقلىمگە كېلىپ، ماسلاش‍ـ
تۇرۇش ئەقلىدىن بىرنى تاللىۋالدىم ۋە بۇ زور بەدەل
ئۇنىۋانغا ئېرىشمەكچى بولغان ھاسىلاتىم توغرىسىدا ئۇ‍ـ
نىڭغا يوشۇرۇن بېشارەت بەردىم. يەپ ـ ئىچىش باشلان‍ـ
دى. مېھمانىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ رازى قىلىشقا
تىرىشتىم. تاللىۋالغان مېھمىنىم ئاشۇ ئىشنىڭ ئەھلى
بولغاچقا، رەھبىرىمنىڭ مىجەزىنى، ئۇنىڭ ئالدىدا قايسى
سۆزلەرنى قىلىشنىڭ لازىملىقىنى، نېمىگە ئامراقلىقىنى
تولۇق بىلەتتى. رەھبىرىم كۆپ ئىچمەيتتى. رەت قىلىن‍ـ
غان رومكىنى ئۆزۈم پىداكارلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلدىم.
كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، خۇدۇمنى يو‍ـ
قىتىپتىمەن، كۆپ سۆزلەپ كەتكەنلىكىمدىن بىزار بول‍ـ
دىمۇ ياكى مۇلازىمىتىم ئەتراپلىق بولمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر
رەھبىرىم قايتىشقا تەمشەلدى. ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى
ئىگىلىگەن كەمتۈك ماھارىتىمنى تولۇق ئىشقا سېلىپ،
باشلىقىمنى تۇتۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولساممۇ ئۇنۇمى
بولمىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ماشىنىنىڭ يېنىغا چى‍ـ
قىپ قاپتىمەن، سوغۇق كېچە ھاۋاسىدا كەيپىم تېخىمۇ
ئەۋجىگە چىققان بولسا كېرەك، رەھبىرىمنىڭ ئايىغىغا
يىقىلدىم ـ دە، ئىككى پۇتىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ بار
ئاۋازىم بىلەن: «سىز مېنىڭ دادام، سىز مېنىڭ نىجادكا‍ـ
رىم. مېنىڭ ئۈمىدىم سىز ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سىز
ئۈچۈن جېنىم پىدا...» دېدىم. ماشىنىنىڭ قوزغالغان ئا‍ـ
ۋازى غۇۋا ئاڭلاندى. تىزلانغان پېتى يالغۇز ئولتۇرۇپتى‍ـ
مەن. بۇ ۋەقە بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، رەھبىرىمنىڭ دادى‍ـ
سى ۋاپات بولدى. نېمىدېگەن ياخشى پۇرسەت؟ ئەل قا‍ـ
تارى بولۇپ قالسا بولمايدۇ. ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆر‍ـ
سەتتىم. مېيىتنى ئۇزىتىدىغان كۈنى تاۋۇت ئالدىدا تۇ‍ـ
رۇپ، ئۈن سېلىپ يىغلىدىم. بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممى‍ـ
سىنى دەپ يىغلىدىم. رەھبىرىمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى
تەسىرلەنگەن بولسا كېرەك، ماڭا قوشۇلۇپ يىغلايدىغان‍ـ
لارنىڭ سانى كۆپەيدى. كۈنلەر شۇنداق ئۆتتى. مەن
ئۈزلۈكسىز تىرىشتىم. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ئۆستۈرۈ‍ـ
لىدىغان كادىرلار نامزاتى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىمنى
بىلدىم. مەن چەكسىز خۇشال ئىدىم. چۈنكى، «غايەم»
ئەمەلگە ئاشقاندەك قىلاتتى. نەچچە يىل جاپالىق ئىشلەپ‍ـ
مۇ بىرەر قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولالماي، بىردىنلا
ئۆستۈرۈلۈش نامزاتى بولۇش مەن ئۈچۈن زور «بەخت»
ئەمەسمۇ؟ بالدۇرراق شۇنداق قىلسام بولماسمىدى؟ ئەخ‍ـ
مەقكەنمەن! تىرىشاي، بېشىمغا تېخىمۇ چوڭ ئامەت قو‍ـ
شى قونۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

ئۆستەڭدىكى لاي سۇغا تاشلانغان تاش جىمجىت
سۇنى داۋالغۇتتى. خىيالدىن ئويغىنىپ قارىسام، دوستۇم
ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ئۆز ـ ئۆزۈڭگە كۈلۈپ ئولتۇرۇپسەنغۇ، — دەپ
چاقچاق قىلدى دوستۇم.

ھېلى قىلغان خىيالىمدىن نومۇس قىلدىم. گەرچە ئۇ
پەقەت خىيال بولسىمۇ، يەنىلا مېنىڭ مېڭە ئېكرانىمدا
پەيدا بولۇپ ئۆتكەن كۆلەڭگە، بىراق خىيال دېگەن خى‍ـ
يال، رېئاللىق دېگەن يەنىلا رېئاللىق. كاللامدا ئۆتكۈر
مۇنازىرە جېڭى باشلاندى.

كەشپىيات، مۆجىزە، ئىجادىيەت، ئالاقە، يېڭىلىق،

تىنچلىق، زۇلۇم، ئاپەت، بۇزغۇنچىلىق، مەينەتلىك، پەسكەشلىك، خۇش پۇراقلىق. قىسقىسى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىنسانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىدۇ، كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك، ئىنسان پەيدا قىلغۇچى ۋە يوقاتقۇچى. مەن ھېلى قىلىپ ئۆتكەن بىمەنە خىيال بەلكىم باشقا ئۆيدە تاماق ئەتسە ئۇنىڭ پۇرىقى ئۇنى يېيىشكە نائىل بولالمايدىغان باشقا بىر ئادەمنىڭ دىمىغىنى غىدىقلىغانغا ئوخشاش بىر ئىش بولسا كېرەك. تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئىچىدە دىماغقا ئۇرۇلۇپ پۇراش رىتىملىرى ئارقىلىق كىشى ۋۇجۇدىنى غىدىقلاپ، تاتلىق لەززەت بېرىدىغان پۇراقلار كۆپ ئەلۋەتتە. گۈل پۇرىقى، تاشلاندۇق ئەسكى نەرسىلەرنىڭ سېسىق پۇراقلىرى.... ئىنسان ئەلۋەتتە خۇشبۇي نەرسىلەرنىڭ پۇرىقىغا ھېرىس. بەتبۇي نەرسىلەر ھامان كىشىنى ئۆزىگە مەڭگۇ جەلپ قىلالمايدۇ. مەيلى ئۇ ھەرقانچە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلسۇن، بەربىر بەتبۇي نەرسە.

مەن قىلغان ھېلىقى خىيال دونكىخوتنىڭ خىيالى. ھېلىقى بىمەنە خىيالنى قىلىپ قاراپ ئولتۇرغان لاي سۇغا تاشلانغان ھېلىقى تاش جىمجىت ئېقىۋاتقان سۇنى تەۋرەتتى. ئۇ تاش ئاشۇ لاي سۇنى سۈزۈك سۇغا ئايلاندۇرىدۇ، پاكلايدۇ. ئۇنىڭغا سۈزۈك رەڭ بېرىدۇ. بىمەنە خىيال سۆرگەن ئويقۇچان ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازى بىلەن سىلكىپ ئويغىتىدۇ. ئۇ، قاتمال كونا ئىدىيىۋى ئېقىم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ھۇرۇن ئادەملەر سېپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، زامانىۋى ئاڭ ۋە پائالىيەت شەكلى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن كىشىلەر توپىنى بەرپا قىلىدۇ. قالاق، ھۇرۇن، تەييارتاپ، ئەرلىك ۋە ئىنسانىي غۇرۇرى يىگىلەپ كېتىۋاتقان، قېنىغا ئەمەل، دەرىجە ئېگى سىڭىپ كەتكەن، زېھنىنى كەسىپكە، يېڭىلىققا، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنى ئىگىلەشكە ئەمەس، بەلكى ئەمەل ـ مەنسەپكە باغلىغان كىشىلەرگە كەسكىن جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى، ياشاش، مەۋجۇتلۇق تۇيغۇسىنى يېڭىلايدۇ. بۇ دەل 21 ـ ئەسىرنىڭ كۈچلۈك گۈدۈكى. بۇ، ھازىرقى رېئاللىق ۋە يېقىن كەلگۈسىدىكى ئەمەلىيەت.

(02)

(ئۆركەش جاپپار فوتوسى)

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن)

## ئەقىل ئۆلچەملىرى

ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولغىنى تۇخۇمنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى تۇخۇمدىن چۈجە چىقارغۇچى غازدۇر. مەيلى سىزنىڭ قولىڭىزدا ھەددى ھېسابسىز پۇل ياكى بىرنەچچە يارماق بولسۇن، سىز ھەرگىز بۇنىڭغا قاراپ ئۆز بايلىقىڭىزنى ئۆلچىمەڭ. ھەقىقىي بايلىق سىرتىڭىزدا تۇرۇۋاتقان ماددىي نەرسىلەر ئەمەس، ۋۇجۇدىڭىزدا تۇرۇۋاتقان يوشۇرۇن قابىلىيەتتۇر.

**ـــكارنىگ**

ئون خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرۈش لازىم: (1) ئۆزۈڭدىن چوڭ، بۈيۈك ئادەملەر بىلەن ئوينىشىما؛ (2) خىزمەتكارلارغا زۇلۇم قىلما؛ (3) ھەسەتخور، كۆزى كىچىك، ئىچى تار، چىددىماس ئادەم بىلەن سۆھبەتداش بولما؛ (4) بېخىل بىلەن سۆھبەتداش بولما؛ (5) نادان ـ جاھىللار بىلەن مۇنازىرىلەشمە؛ (6) تۇراقسىز كىشى بىلەن دوست بولما؛ (7) يالغانچى بىلەن مۇئامىلە قىلما؛ (8) ئۇرۇشقاق ـ جېدەلخورلار بىلەن ئۈلپەت بولما؛ (9) ئاياللار سۆھبىتىدە كۆپ ئولتۇرما؛ (10) سىرىڭنى كىشىگە ئېيتما، ئەيىب ئىزدىگۈچىدىن قاچ.

**ـــقابۇسنامە**

بىراقلا دېڭىزنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىمەن دېمە، بۇنىڭ ئۈچۈن دەريا ـ ئېقىنلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈر.

**ـــيەھۇدىيلار دەستورى «دارمۇد»تىن**

(توپلىغۇچى: گا. گادولانى)



# ناتونۇش يىگىتكە ھۆرمىتىم

—— مەگىنسا رىۋۇدۇل ——

ھويلىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. تويۇقسىز قوشنىمىز كىرىپ كەلدى. «قىزىم، كىتاب كۆرۈۋاتامسىز؟» دېدى ئۇ. مەن «ھەئە، كەلسىلە» دەپ ئورۇن بوشاتتىم. «قاراڭ قىزىم، قايسى كۈنى ئاجايىپ بىر ئىش بولدى» دەپ سۆزىنى باشلىدى قوشنىمىز: «مېنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بىر سىڭلىم بار ئىدى، ئۇنىڭ قىزى تۇغقانلارنى يوقلاپ كەپتىكەن، مەن سىڭلىم ۋە قىزى ئۈچىمىز بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە ماڭغىلى يولغا چىقىپ ماشىنا ساقلاۋاتاتتۇق، تويۇقسىز بىر «سانتانا» ماركىلىق پىكاپ توختىدى. ئىچىدە قاملاشقان بىر يىگىت بار ئىكەن. ھېلىقى يىگىت «ئاچا، نەگە بارىسىلەر؟ ماشىنىغا چىقىۋالامسىلەر» دېدى. قارىسام ھېلىقى ماشىنا ئۆرۈمچىنىڭ ئىكەن. «بولىدۇ ئۇكام، ئاشۇ ئالدىمىزدىكى يېزىدا چۈشىمىز» دېدىم. ماشىنىغا چىقتۇق، يولدا كېتىۋېتىپ ھېلىقى يىگىت سىڭلىمدىن: «ئاچا، بۇ قىز سىزنىڭ قىزىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى. سىڭلىم: «شۇنداق ئۇكام، مېنىڭ قىزىم» دېسەم، «قىزىڭىز نەچچىنچى سىنىپتا ئوقۇيدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇ يىگىتكە ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ: قاراڭ ئۇكام، سىڭلىم ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكىلى بىرنەچچە يىل بولغانىدى. سىڭلىمنىڭ خىزمەت ئورنى يوق، بۇرۇن ئېرى تۇرمۇش پۇلىنى بېرەتتى، ھازىر بەرمەيۋاتىدۇ. ھازىر ئۇلار ئارانلا كېتىۋاتىدۇ. بولمىسا سىڭلىمنىڭمۇ قىزىنى تازا ئوقۇتقۇسى بار ئىدى، دېۋىدىم، ھېلىقى يىگىت: «ئاچا، سىز تېخى ياش ئىكەنسىز، خىزمەت ئورنىڭىز بولمىسا، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ بىرەر خىزمەت تاپسىڭىز ياكى بىرەر ئوقەت قىلىپ بولسىمۇ قىزىڭىزنى ئوقۇتسىڭىز بولمامدۇ؟ قارىماسىز، قىزىڭىز شۇنچە كىچىك تۇرۇپ مەكتەپتىن ئايرىلىپ قاپتۇ، ئۇ يەنە مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسە، ئۇنىڭ كەلگۈسى نېمە بولار؟ بالا دېگەننى تۇغۇپ قويسىلا ھېسابمۇ؟ گەپ بالىنى ساپالىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتا. كەلگۈسىنى ئويلاپ، قىزىڭىزنى چوقۇم ئوقۇتۇڭ. ئۇ تېخى كىچىككەن» دەپلا يانچۇقىدىن 100 يۈەن پۇلنى چىقىرىپ: «ئاچا، بۇ پۇل قىزىڭىزنىڭ بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلىنى تۆلەشكىمۇ يەتمەيدۇ، لېكىن بۇ مېنىڭ ئازغىنە كۆڭلۈم. بۈگۈنكى بۇ ئوماق پەرزەنتىڭىز مىللىتىمىزنىڭ ئەتىكى قىران بۈركۈتى بولغۇسى» دەپ پۇلنى سىڭلىمغا سۇندى. سىڭلىم نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. مەن بۇ يىگىتتىن قەۋەتلا تەسىرلەندىم. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلەپ چىقىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ: «رەھمەت ئۇكام، رەھمەت، بەخت ـ تەلىيىڭىز ئۇڭدىن كەلسۇن، مەڭگۈ باي ـ باياشات ياشىغايسىز» دەپ دۇئا قىلىپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ ھېلىقى يىگىت كەتتى، سىڭلىم شۇ كۈنىدىن باشلاپ جىمپىلا كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا: «ئاچا مەن قىزىمنى ئوقۇتىمەن. تۈنۈگۈنكى ھېلىقى ناتونۇش يىگىت مېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. باشقىلار قىزىمغا كۆيۈنۈپ، قىزىمنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئاۋارە بولۇۋاتسا، مەن كۆچمىسەم قانداق بولىدۇ» دەپ يىغلاپ كەتتى» دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى 100 يۈەن پۇل ئۇ قىزنىڭ بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلىنى تۆلەشكە يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يىگىتنىڭ پاك قەلبى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئىللىتتى.

شۇلارنى ھەربىر قېتىم ئويلىغىنىمدا، ھېلىقى ناتونۇش يىگىتكە بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى. (09)

(ئاپتور: خوشتوت ناھىيە چۇقتۇ سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدا)



# تاجىكلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى

— زۇنۇن ياقۇپ، ئابدۇرېھىم نەۋرۇز —

تاجىكلار قەدىمدىن تارتىپلا يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىدە چاي ئىستېمال قىلىشقا، بولۇپمۇ «ئەتكەن چاي» (قەتىغىن چاي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىستېمال قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

«ئەتكەن چاي» — ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتقان پەمىل چاي، گۈل چاي، تاش چاي قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق بىرىنى تاللاپ ئاچچىق ھەم قېنىق دەملەپ، سۈت، قايماق ۋە ياكى ئۆرۈك، ياڭاق، شاپتۇل، توغاچ مېغىزلىرى، تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلار خۇرۇچ قىلىنىپ، مۇۋاپىق تۇز بىلەن تەم تەڭشەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئادەتتە مىس قازان، مىس چەينەكلەردە قاينىتىلىدۇ. ئالدى بىلەن مېغىزلار ئېزىلىپ مەلھەم ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، سىرتقى پوستى ـ تىرىپلىرى سۈزۈۋېتىلىدۇ. ئاچچىق مېغىزلار مەلھەم ھالەتكە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇۋاپىق سۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىزدۇرۇلۇپ سورۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مېغىزلار زەھەرسىزلەندۈرۈلۈپ تاتلىققا ئايلاندۇرۇلىدۇ، دورا ـ دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ.

چوڭلارنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، قەدىمدە تاجىكلار ئالما يوپۇرماقلىرىنى يىغىپ قۇرۇتۇپ چاي ئورنىدا ئىشلەتكەن. تاجىك يىگىتلىرى 4000 ـ 5000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇزلۇق چوققىلاردىن قار لەيلىسى، ياۋا زىرە (ئارپىبەدىيان)، زىرىق، ۋادار، بىنەپشە، زىنۇۋش، گۈلاب، مامۇرى، قورۇمئوت قاتارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىپ چاي ئورنىدا ئىستېمال قىلغان. ئۇلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ، باش ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقى، زۇكام، جىگەر كېسەللىكى ۋە ھەر خىل يارا، ياللۇغلىنىش ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇپ، تاجىك تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان.

شۇ ۋەجىدىن، «چاي بىلەن مەڭزىم ئانار، چاي بىلەن يۈرەك قانار» غا ئوخشاش ئىلمىيلىكى يۇقىرى ئىدىئوملار كەڭ تارقالغان.

تاجىكلارنىڭ چاي ئىستېمال ئادىتى تارىختىن بۇيان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. تاجىك ئائىلىلىرى «ئەتكەن چاي» غا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، كۆڭۈل قويۇپ تەييارلايدۇ، سەھەرلىك ناشتىدا كەم قىلمايدۇ، مېھماندارچىلىقتا قوي سويۇپ ئىززەت ـ ئىكرام قىلغاندىن باشقا، ئوخشىتىپ ئېتىلگەن مەززىلىك «ئەتكەن چاي» ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. يىراقتىن كەلگەن مېھمانلار «ئەتكەن چاي» بىلەن كۈتۈلسە زىيادە خۇشال بولىدۇ. ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا، ھازىدارنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈنگىچە تاماق ئېتىلمەيدۇ. يۇرتتىكىلەر بۇ جەرياندا «ئەتكەن چاي» تەييارلاپ، ھازىدارلاردىن ئەھۋال سورايدۇ، ھەممە خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك، ئۆزگىچە چاي ـ تائاملىرى ئارقىلىق ھازىدارلارغا مەدەتكار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتىنى كۆتۈرۈپ، تەسەللى بېرىدۇ.

«ئەتكەن چاي» تاجىكلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ئىش-

لىرىدىمۇ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇدا چۇشۇش رەسمىيىتى تاجىك تىلىدا «ياغلىق چىگىش» (چاي ئىچكۈزۈش) دېيىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئارزۇسى قوبۇل قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئايال تۇغقانلىرى قىزنىڭ مەخسۇسخانىسىغا بېرىپ، قىز قولىقىغا سىرغا، قولىغا ئۈزۈك، بېشىغا قىزىل ياغلىق سېلىپ، تاتلىق «ئەتكەن چاي» لىرى بىلەن تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ مۇبارەكباد ئېيتىدۇ. توي كۈنى قىز تەرەپتىن ئىككى ئايال تەملىك «ئەتكەن چاي» تەييارلاپ، نەغمە ـ ناۋا، ئۇسسۇل دەبدەبىلىرى بىلەن يىگىتتىن ئەھۋال سورايدۇ، تويىنى قۇتلۇقلايدۇ. يىگىت ئېھتىرام بىلەن چاينى ئىچكەندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئايالنىڭ چېيى ھۆرمىتىگە ماددىي بۇيۇم سوۋغا قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، توي تەرتىپلىرىنىڭ بۇ مۇھىم تۇرى ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تاجىكلار ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش، مېھمان بولۇش، بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراش قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر چاي ئېلىۋېلىپ سوۋغا قىلىشىپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىدۇ. يىراقتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغىمۇ تەملىك، پۇراقلىق، ئىچىشلىك بولغان چايلىرىنى خالتا قىلىشىپ، تىرىكلىكنىڭ نىشانى قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزئارا سېغىنىشىنى، كۆيۈمچانلىقىنى، مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

«چاي خۇمارى بولسا بولسۇن، مەي خۇمارى بولمىسۇن.» دېمەك، «ئەتكەن چاي» نىڭ تاجىكلار تۇرمۇشىدىكى ئىشلىتىش دائىرىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئومۇمىيلىقى، ئۇنىڭ دورىلىق ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكىدە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى تاجىكلار يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە قەدىمىيلىكىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. (09)

(ئۆتكۈر نىجات فوتوسى)

(ئاپتور: زۇنۇن ياقۇپ ئاقتۇ ناھىيە چېقىرتېرەك باشلانغۇچ مەكتەپنە؛ ئابدۇرېھىم نەۋرۇز قەشقەر ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ھەمكارلىق ئىدارىسىدە)

# نەسرلەر

ئابدۇغېنى مۇقىم

(1)

ئەگەر سىزنىڭ ئەقىدىڭىز سىزنى ياخشى كۆرمەيدىغانلار تەرىپىدىن خارلىنىپ قالسا، بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئەپسۇسلىنىپ كەتمەڭ. چۈنكى، ئادەمدە ئەقىدىلا بولىدىكەن، ئۇ ھامان بەخت تاپالايدۇ.

(2)

ئەگەر سەن بىراۋنى ياخشى كۆرسەڭ، ئۇ سېنى ياخشى كۆرمىسە ياكى ياخشى كۆرگەنلىكى ساڭا سېزىلمىسە، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئازابلىق ئىش يوق.

مۇھەببەت شۇنداق نەرسە، قارشى تەرەپنە ساڭا نىسبەتەن ئازراقمۇ مۇھەببەت ئۇچقۇنى بولمىغانىكەن، ھەرقانچە بەدەل تۆلىسەڭمۇ ئۇ ساڭا نېسىپ بولمايدۇ.

(3)

ئەگەر سېنىڭ دوستلۇق مېھرىڭ راستىنلا ماڭا بەخت، لەززەت ئاتا قىلالىسا، بۇنداق دوستلۇقنى بىر ئۆمۈر قەدىرلەشكە رازىمەن. چۈنكى، مەن سېنىڭ سۆيگۈڭگە ئېرىشەلمەي، كۆپ جاپا تارتتىم. ئەمدى دوستلۇق مېھرىڭگە بولسىمۇ ئېرىشىپ، ئۆزۈمگە تەسەللى تاپاي.

(4)

ھەقىقىي ئاشىق ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە بەتقىلىق قىلىشتىن، ھەتتا بىر ئېغىز سۆيگۈ ئىزھارىنى قىلىشتىنمۇ، تىكىلىپ قاراشتىنمۇ خىجىل بولىدۇ. شۇڭا، سىز قارشى تەرەپنىڭ بۇنداق قىلماسلىقىنى ياۋاشلىق، ئىش ئۇقماسلىق، ئېزىلەڭگۈلۈك دەپ چۈشەنمەي، «مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىكەن» دەپ چۈشىنىڭ. چۈنكى، ۋاقىتلىق لەززەتلىنىش مۇھەببەت ئەمەس، مەڭگۈلۈك سىرداش، مۇڭداش، دەرداشلىق ھەقىقىي مۇھەببەتتۇر. (09)

(ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كاتتايلاق يېزا تىجەن ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# ئارىغىم، سىز يالغۇز ئەمەس

(قىز دوستۇمغا خەت)

ئۈمىد

سۆيۈملۈكۈم، ياخشىمۇسىز؟ خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋې-لىپ، ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئەمما يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇپ، كۆڭلۈم سەل يېرىم بولدى. مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئۇ شەھەردە سىزنىڭ يېگانىلىك ئىچىدە ياشاۋاتـ-قانلىقىڭىزدىن ئەنسىرىدىم.

خېتىڭىزدە: «... خىزمەتتىن سىرت پۈتۈن ۋاقتىمنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىۋاتىمەن. ئولتۇرۇش، تاماشـالارغـا بېرىپ باقمىدىم. ئۇنىڭغا ۋاقتىممۇ، رايىممۇ يوق. ئەمما مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار ئارا پائالىيەت بولسا دوپپا كىيگەنـ-دىكىن، ئۇزۇن چېچى بولغاندىكىن ئۇسسۇل ئويناپ بەر-سۇن دەپ قىستاۋەرگەندىن كېيىن دوپپىنىمۇ كىيەلمىدىم، چېچىمنىمۇ تۈگۈۋالدىم. يېقىندا، مەكتەپ مۇدىرى يەنە: ‹ئوقۇتقۇچىلار قىيايەت جەھەتتە شەھەرلىشىشى كېرەك، سەھراچە تۇرقنى تاشلاڭلار› دېۋىدى، كۆڭلۈم ناھايـــتى پەرىشان بولدى. مانا ئەمىسە دەپ چېچىمنى كېسىپ بوياپ، باشقا قىزلاردەك يۇرەي دېگەن خىياللارغىمۇ كېلىپ قالـ-مەن. ئەمما سىزنىڭ مېنىڭ چاچ، دوپپا ۋە ئەتلەس كۆڭـ-لەكتىن ئىبارەت خاسلىق ئىچىدىكى قىياپىتىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېسىمگە كەلتۈرسەم، ۋۇجۇدۇم قايـ-تىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولىدۇ... بەزى ئوقۇ-غۇچىلارنىڭ نەزەرىدە، ئىنگلىز تىلى بېرىدىغان بـاشـقـا كەسىپداشلىرىمغا ئوخشاش چوقۇم سېرىق چاچ بولۇشۇم كېرەككەن. ھەممىنىڭ كۆزى مەندە. ئاشۇ كۆزلەردىن بىر خىل ياتلاشنى، مەسخىرىنى سېزىپ تۇرىمەن. كوچىلارغا چىقساممۇ ناتونۇش كىشىلەر يۈزۈمدىن ـ يۈزۈمگە: ‹سىز ئارتىسمۇ؟› دەپ مازاق قىلىشىدۇ. خىزمەتكە چۈشكەندىن بېرى ناھايىتى كۆپ سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتىمەن. ئايدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم شەھىرىمىزدىكى داڭلىق «× × ×» رېستورانىغا بېرىپ ئويناپ كېلىش پىكرى چىقىدۇ. ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بارمايمەن. بىرەرسىمــىـز قېپقالىدىغان بولساق، مۇدىر تىللايدۇ دەپ مەندىن خاپا بولۇشىدۇ. تۇمشۇقلىرىنى ھەرىنىڭ نەشتىرىدەك ئۇچلاپ، زەھەر چاچقىنىچە كېتىپ قېلىشىدۇ. مەن بولسام ياتاقتا، كۇتۇپخانىدا ماتېرىيال كۆرۈش، ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولىمەن. ئۇلار يەنە ‹ئۆگىنىپ ئالىم بولامتىڭ، دەپ ئۆ-گىنىش قىلىشىمنى قوللىماقتا يوق، يەكلەيدۇ. قىز خىز-مەتداشلىرىم ھە دېسە چېچىمنى كېسىشكە زورلاپ، جې-نىمغا تېگىدۇ. گەرچە مەن ئادەملەر ئەڭ كۆپ بىر جايدا ياشاۋاتقان بولساممۇ، ئۆزۈمنى ناھايىتى يالغۇز ھېس قىـ-لىۋاتىمەن.

شۇنداق، ھەممىمىز ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىمىز. ئۇ-لارغا ئۆگىنىش، زاماننىڭ قەدىمىگە يېتىشىش توغرىسىدا

ئېغىز تالغۇچە سۆزلەيمىز. كەسپىمىزمۇ بىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، ئۆزىمىز ئالىي مەكتەپتە بىلىۋالغان ئاز ـ تولا نەرسە بىلەن ئۆزىمىزنى چوڭ تۇتۇپ، قانائەت ھېس قىلىپ، قانچىلىك بىرنەرسە ئۆگىنىۋاتقانلىقىمىز بىلەن، زاماننىڭ كەينىدە قېلىۋاتقانلىقىمىز بىلەن كارىمىز يوق. ھە دېسە، بوش ۋاقىت بولسىلا مىڭ تەسلىكتە تاپقان پۇلىمىزنى ئويۇن ـ تاماشىغا سورۇپ تۆكىمىز. گۈزەل ئەنئەنىلەرنى، كېلەچەكنى ئويلاپ قويمايمىز، سۆيمەيمىز، ئاسرىمايمىز. مەن بىلىدىغان بەزى كىشىلەر ئاغزىدا ھۆكۈمالىق قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۆندىلىك رونغارنىڭلا غېمىدە. ئورۇنسىز ئويۇن ـ تاماشىلار ئىچىدە پاخپىتەك بولۇپ يۈرۈشىدىكەن. ئىشقىلىپ، رېئاللىققا سەپسالسام كۆڭلۈم غەش بولىدۇ. ھازىرقى شارائىتتا ئۆزىنىڭ خاسلىقى، پاكلىقىنى قوغداش ئادەم ئۈچۈن ھەممىدىن زۆرۈر بولۇپلا قالماي، ناھايىتى تەس ئىكەن. شۇ تاپتا بەزى ياتاقداشلىرىم ياۋروپاچە كىيىنىپ، قايسىبىر رېستوراننىڭ گېپىنى قىلىشقىنىچە چىقىپ كېتىشتى. قەلبىمنى شۇنداق چوڭقۇر سېغىنىش ۋە غېرىبلىق باستىكى، سىز ياشاۋاتقان بىزنىڭ نەزەرىمىزدە قالاق سانىلىۋاتقان، سۆيۈملۈك قەدىمىي شەھەر مېنىڭ بىردىنبىر جەننىتىمدەك تۇيۇلماقتا.

قەدىرلىكىم، ئېسىڭىزدىمىكىن، مەن سىزگە ئىلگىرى: «جېنىم ئانار، مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈشۈم ھەرگىزمۇ سىزنىڭ چولپاندەك نۇرلۇق كۆزلىرىڭىز، يىلاندەك ئەۋرىشىم، قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرىڭىز، ئاناردەك چىرايلىق يۈزلىرىڭىز، جىنەستىدەك لەۋلىرىڭىز، قىزىلگۈلدەك قامىتىڭىزلا ئەمەس، بەلكى بۇ گۈزەللىكلەر بىلەن چەمبەرچاس بىرلىشىپ كەتكەن گۈزەل روھىي دۇنيايىڭىز. ئەگەر سىز بۇ ئىككى تەرەپنىڭ قايسىبىرىدىن ئايرىلىپ قالماڭ، مەۋجۇتلۇقىڭىزنىڭ يېرىمىنى، شۇنداقلا بىزنىڭ سۆيگۈمىزنىمۇ يوقىتىسىز. مەن ھاياتىمدا ئىزدەپ يۈرگەن ئاشۇ غايىبانە گۈزەللىكلەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا سىزنى ياخشى كۆرگەنمەن» دېگەنىدىم. سىزنى ئۇزاتقان چېغىمدىمۇ شۇنى ئەسكەرتكەنىدىم. ئارقىڭىزدا يىلاندەك سويلىغان بىر ئۆرۈم ئۇزۇن قارا چاچ، قۇندۇزدەك قارا چاچ ئۈستىدىكى يۇرتىمىزنىڭ ئەندىزى سۈپىتىدە جۇلالاپ تۇرغان چىمەن دوپپىڭىزغا قاراپ ئۆزۈمنى شۇ قەدەر بەختلىك ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، باشقىلارنىڭ «ئۇ شەھەرگە بارغان قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىدۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئويلاپمۇ خاۋاتىرلەنمىگەن ۋە سىزنى باشتىلا توسمىغانىدىم. چۈنكى، مەن گۈزەللىكنى قوغداشنىڭ ئۇنى يارىتىشتىنمۇ قىيىنلىقىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، يۈكسەك گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ بۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

قەدىرلىكىم، تاشقى تەسىرلەرنىڭ يىغىندىسى ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن ئۇ يەردە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىرىشكە قانائەت ھېس قىلماي، باشقىلارنىمۇ قىستايدۇ. ئىنساننىڭ ماھىيىتى — قايسىلا جەھەتتە بولمىسۇن ئۆز خاسلىقىنى يارىتىش ۋە قوغداش. چاچنى كېسىش، بوياش، گۈزەل مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەرنى تاشلىۋېتىش ناھايىتىمۇ ئاسان. ئەمما بۇنىڭ بىلەن تەڭ تاشلىۋېتىلگەن ئەجداد روھىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئۆزىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلغارلىقىمىزنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەجبۇرمىز.

تەقى ـ تۇرق، روھىي ھالەت، مەدەنىيەت قاتارلىقلاردىكى خاسلىق بەلگىسى باشقىلارنىڭ مەزكۇر كىشىنى تونۇشى ئۈچۈنلا ئەمەس، مەزكۇر كىشىنىڭ ئۆزىنى تونۇپ، تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى يارىتىشى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم كۈچ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سىز قوبۇل قىلغان «ئىلغارلىق» سىزنىڭ خاس بەلگىڭىزنى يوقىتىۋەتسە، خاس بەلگىگە ئىگە بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز تەۋەلىكى ھەققىدە ئېغىز ئېچىش سالاھىيىتى بولامدۇ؟

قەدىرلىكىم، بىز گۈزەللىك يارىتىش بىلەنلا ئۆزىمىزنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمىز. سىز نۇرغۇنلىغان گۈزەللىك ياراتقۇچىلار ئارىسىدا تۇرۇپ ئۆزىڭىزنى ھەرگىز يالغۇز ھېس قىلماڭ. ھەممىمىزنىڭ كۆزى سىزدە، ھەممىمىزنىڭ كۆزى ھەممىمىزدە. گۈزەللىكنىڭ يولى چەكسىز ۋە مۈشكۈل. بۇ يولدا پەقەت قەلبىگە يۈكسەك گۈزەل ئېتىقادنى پۈككەن كىشىلەرلا ئاخىرغىچە ماڭالايدۇ، ئامرىقىم، سىز يالغۇز ئەمەس. (02)

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)

# بالىلارنىڭ ھەۋەس قاناتلانسۇن

—— ئازات نىزامىدىن ——

بالىلار سەۋەنلىك ـ خاتالىق ئۆتكۈزگەندە تەنقىد بېرىپ، ئۇلارنى تۈزەتكۈزۈش كېرەك. بىراق، قانداق تەنقىد بەرگەندە ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بۇ ئوبدان ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

ئەنگلىيىنىڭ ياپىدان مۇزېيىدىكى ئىككى پارچە رەسىم ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىر پارچىسىغا ئادەم بەدىنىدىكى ئۇستىخانلار، يەنە بىر پارچىسىغا ئادەم بەدىنىدىكى قان ئايلىنىش سىستېمىسى سىزىلغان. ئاشۇ ئىككى پارچە رەسىم توغرىلىق مۇنداق قىزىقارلىق بىر ۋەقە بولغان: ئۇ رەسىملەرنى ماك لېئود ئىسىملىك بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سىزغان بولۇپ، ئۇ ھەممىگە قىزىقىش ـ ھەۋەس بىلەن قارايدىغان، ھەرقانداق ئىشنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ جاۋابىنى تاپمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان بالا ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئىتنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرمەكچى بولۇپ، بالىلار بىلەن ئىتتىن بىرنى تۇتۇپ، ئىتنىڭ قارنىنى يېرىپ، ئىچكى ئەزالىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپتۇ. ھېلىقى ئىت باشقا ئادەمنىڭ ئەمەس، دەل مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىتى بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرى ئىتىغا بەك ئامراق ئىكەن. ئۇ ماك لېئودنىڭ ئىتنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ ۋە ماك لېئودنى قاتتىق جازالاپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلماقچى بوپتۇ. مەكتەپ مۇدىرى ماك لېئودنى قانداق جازالاش توغرىسىدا خېلى ئويلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئىتنى ئۆلتۈرۈشى خاتا، شۇڭا جەزمەن جازالاش كېرەك. بىراق ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى پۈتۈنلەي قىزىقىش ـ ھەۋەستىن بولغان، شۇنداقلا بۇنىڭغا ئالغا ئىنتىلىشتەك



قىممەتلىك روھ يوشۇرۇنغان. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەكتەپ مۇدىرى ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ماك لېئودقا ئادەم بەدىنىدىكى ئۇستىخانلارنىڭ ۋە قان ئايلىنىش سىستېمىسىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇشتەك ئەپچىل جازالاش چارىسىنى تېپىپ چىققان. ماك لېئود زېرەك بالا بولغاچقا، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، جازانى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئىككى پارچە رەسىمنى كۆڭۈل قويۇپ سىزىپ چىقىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى بىلەن باشقا ئوقۇتقۇچىلار رەسىمنى كۆرۈپ رازى بولىدۇ. ماك لېئودنىڭ خاتالىقىنى تونۇشى ياخشى بولغاچقا، مەكتەپ مۇدىرىمۇ ئۇنىڭ ئىت ئۆلتۈرگەنلىك ئىشىنى شۇنىڭ بىلەنلا

بولدى قىلىدۇ. ئاشۇ ئۇسۇل ماك لېئودقا ئۆزىنىڭ خاتالىقنى تونۇتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قىزىقىش ـ ھەۋىسىنى قوزغۇتۇۋەتمەي، فىزىئولوگىيە جەھەتتە زور بىلىمگە ئىگە قىلدى. ماك لېئود كېيىنچە داڭلىق ئاناتومىيە ئالىمىغا ئايلاندى. ئۇ كانادالىق دوختۇر بانتىڭ بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەر داۋالاش مۇمكىن بولمايدۇ دەپ قارايدىغان دىئابىت كېسەللىكىنى ئىنسۇلىن ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپ، 1923 ـ يىلى نوبېل مېدىتسىنا مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىتنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ماك لېئودنى ئۆزگىچە بىر تەرەپ قىلغانلىقى ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى بىر ئۈرنەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ماك لېئودنىڭ كېيىنچە مېدىتسىنا ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئەجرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپ مۇدىرى ماك لېئودنى قاتتىق جازالاپ، ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتنى تۆلەتكۈزگەن بولسا، ماك لېئودنىڭ گۆدەك قەلبىدە چاقنىغان ئىزدىنىش ئۇچقۇنلىرى، ھەۋەس ـ قىزىقىشلىرى پۈتۈنلەي ئۆچۈپ، ئۇنىڭ كېيىن داڭلىق ئاناتومىيە ئالىمى ۋە دوختۇر بولالىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ۋە مۇئەللىملەر بالىلارنىڭ قىلغان بىرەر ئىشى كۆزىگە سىغمىسا، ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتە قىلماي ئۇرۇپ ـ تىللاپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ قىزىقىش ـ ھەۋەسلىرىنى پۈتۈنلەي بوغۇپ قويىدۇ. يېقىندا، بىر دوستۇم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ بەش ياشلىق بالىسى قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى، مەيلى ماشىنا بولامدۇ ياكى ئويۇنچۇق تاپانچا بولامدۇ، ھەممىسىنى بىر قېتىمدىن چۇۋۇپ چىقىپتۇ. بالىسىنىڭ بۇ «بۇزغۇنچىلىقلىرى» ئاغىنەمنىڭ كۆزىگە سىغماي، بالىسىنى ئەدەپلەپ قويۇپتىكەن، بالىسى ھازىرغىچە ئۇنىڭغا قېيداپ يۈرگۈدەك. ئاغىنەم ماڭا: «بۇ بالىنى قانداق قىلسام ئوڭشىلار؟» دەپ قاقشاپ كەتتى. بۇ ۋەقە ماڭا يەنە بىر ئىشنى ئەسلىتىپ قويدى: بىر ئاتا ماگىزىندىن بىر ئالتۇن سائەتنى ئەكىلىپ بەش مىنۇت بولار ـ بولمايلا بالىسى ئۇ سائەتنى چۇۋۇۋېتىپتۇ. بۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ئاتىسى بالىسىنى تازا بىر ئەدەپلەپتۇ، كېيىن بۇ ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى ئېلىمىزدىكى داڭلىق پېداگوگ تاۋ شىڭجى ئەپەندىگە ئېيتقاندا، ئۇ: «سىز جۇڭگودىكى بىر ئېدىسوننى يوق قىلىۋېتىپسىز» دېگەنىكەن.

كەشپىيات پادىشاھى ئېدىسون ھاياتىدا 2000 دىن ئارتۇق كەشپىيات ياراتقان بولۇپ، ئۇ كىچىكلىكىدە قىزىقىش ھەۋىسى ئىنتايىن كۈچلۈك، كەپسىز بالا ئىكەن. ھەرقانداق ئىشنى قىلىپ باققۇسى، سەۋەبىنى بىلىپ باققۇسى كېلىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ مېكىياننىڭ تۇخۇم باسقانلىقىنى كۆرۈپ، توخۇ كاتىكىدە ئولتۇرۇپ، ئۇمۇ بىر كۈن كەچكىچە تۇخۇم باسقان. سەل چوڭ بولغاندا، قۇشلارنىڭ ئاسماندا پەرۋاز قىلغانلىقىغا دىققەت قىلىپ، «قۇشلار ئۇچقان يەردە بىز نېمىشقا ئۇچالمايمىز» دەپ ئويلايدۇ ۋە ھەمراھلىرىغا مۇشۇنى يېسەڭ ھاۋا شارىغا ئوخشاش ئۇچىسەن دەپ گاز پەيدا قىلىدىغان بىر خىل دورىنى يېگۈزىدۇ. نەتىجىدە ھەمراھلىرى جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالىدۇ. كونىلاردا: «بالا بولسا شوخ بولسا، بولمىسا يوق بولسا» دەيدىغان گەپ بار. شوخلۇق ـ تەنتەكلىك بالىلارنىڭ تەبىئىتى بولۇپ، قىزىقىش ـ ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولىدۇ؛ شۇنداقلا بالىلارنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيا توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ تۇنجى قەدىمى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى؛ بالىلارنىڭ ئىجابىي تەپەككۇرىنىڭ بىخلىنىشى. شۇڭا بىز ئۇلارنى قوغدىشىمىز ۋە توغرا يېتەكلىشىمىز كېرەك.

قىسقىسى، ھەممەيلەن بىرلىكتە بالىلارنى كەڭرى، ئەركىنلىك ئالىمىگە قويۇپ بېرەيلى! ئۇلار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلسۇن! كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلسۇن! (09)

(ئابدۇللا ئابدۇرېھىم فوتوسى)

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى 2001 ـ يىللىق خەنزۇ تىلى سىنىپىدا)

# بۇقانداق ئەخلاق، بۇقانداق دىيانەت

مۇھەممەت تۇرسۇن

مەشھۇر پەيلاسوپ كۇڭ زى: «ئۆزۈڭنى تۇتۇپ، ئەدەپكە قايت» دېگەنىكەن.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدەممۇقەدەم كېڭىيىشى، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يۇرتىمىزدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىۋاتقان، خەلق تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەردە يەنىلا روھىي گادايلىق، ئەخلاقسىزلىق قىلىشتەك بەزىبىر ناتوغرا ئىللەتلەر يوقىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بارغانچە ئۇلغايماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ھەر خىل «مەدەنىيەت»لەرنىڭ زور بېسىمى ئاستىدا بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئۆزىنىڭ خۇدىنى بىلمەي، «شەرم ـ ھايالىق» سۈپىتىنى ساقلىيالماي، ھەر خىل تراگېدىيىلەرنى سادىر قىلماقتا.

يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئالىي مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان باشقا بىر ناھىيىدىكى بىر ساۋاقدىشىمنى يوقلىغىلى بارغانىدىم. ئۇ ساۋاقدىشىم ئەسلىدە توي قىلغانىدى، ئەپسۇس، توي قىلىپ سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىدىكى سەۋەب قارىماققا ئاددىيدەك، لېكىن ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلىلەر ئىكەن. ئۇلار بىر قېتىم قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسىگە بارغاندا، قىزنىڭ ئانىسىغا ئۇ يەردە ئولتۇرۇش قىلغانىدۇق، بۇ يەردە ئولتۇرۇش قىلغانىدۇق، × × × دائىم ئولتۇرۇش تۆگىگۈچە سورۇندا ئولتۇرمايدۇ، يەنە كېلىپ ھاراق ئىچمەيدۇ، يا تاماكا چەكمەيدۇ، قىز دوستلىرىم ھاراق ئىچمىگەن ئەرنى ئېرىم بار دەپ يۈرۈۋېرىمسەن دەپ مېنى زاڭلىق قىلىدۇ، مەن ئەجەب تەتۈر پېشانە ئىكەنمەن دەپ داتلانغىنىنى دوستۇم ئاڭلاپ قاپتۇ. دوستۇم ئايالىنىڭ بۇ گەپ ـ سۆزلىرىنى بەك ئېغىر ئالماپتۇ، لېكىن قىزنىڭ ئاپىسىنىڭ قىزىغا يانتاياق بولۇپ، ھاراق ئىچسە نېمە بوپتۇ؟ ھاراقمۇ ئىچىدىغان نەرسىغۇ؟ ئۇ ئىچمىسە سەن ئىچ، شۇ چاغدا ئۇمۇ چىدىيالماي ئىچىدۇ، ئەڭ مۇھىمى يولدىشى ھاراق ئىچمىسە، قىز بالىغا «تەس» بولىدۇ دېگەن «ھېكمەت دۇردانىلىرى» دوستۇمنىڭ ۋىجدانىي غۇرۇرىغا تېگىپتۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار كېيىنمۇ بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇملۇق، ھەقىقىي مەنىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتى ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش ۋە ئىشىنىش ئاساسىغا ئورنىتىلغان بولىدۇ. ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئىشىنىش بولمايدىكەن، بۇنداق نىكاھنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش قىيىنغا چۈشىدۇ.

دوستۇمنىڭ دېيىشىچە، كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۇلار تاماق ئېتىش ـ ئەتمەسلىك توغرىسىدا ئۆزئارا ئازارلىشىپ قاپتۇ. «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك، كىچىككىنە ئىش تۈپەيلى ئايالى دوستۇمغا ھەر خىل بەتناملارنى چاپلاپ، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ھەتتا ئايال تەرەپ ئۆ-

زىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا × × × پوستانى تۇغقىنىمنى ئۇنداقچى، مۇنداقچى دەيدۇ، يەنە تېخى «مۇنداق»مۇ ئىشلىرى بار دەپ، يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، قۇدىلار ئارا ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقى چېچىپتۇ.

دوستۇمنىڭ ھەربىر سۆزىنى ئېغىر سۆكۈنات ئىچىدە ئاڭلاپ ئولتۇرغاچ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە شۇنداق ئىدا قىلدىم: ئايالىغۇ ياش جەھەتتە دوستۇمدىن كىچىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق كۆپ ئۆتمىگەن، لېكىن دوستۇمنىڭ قېينانىسىنىڭ «ھاراق ئىچمىگەن ئەرنى ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ ئېرى ھاراق ئىچمىسە، قىز بالا دېگەنگە تەس: ئۇ ئىچمىسە، سەن ئىچ» دېگىنى نېمىسى؟ ئاتا ـ ئانا بولغۇچى شۇنداق دەپ بەرسە، بالىلار نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ ھاراق ئىچمىگەن ئەر زادى ئەر ھېسابلانمامدۇ؟

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىشى، شۇنداقلا ئىچسەن، چېكىسەن دەپ سىياسەت تۇسى بېرىشكە بولمايدۇ، ئىچسە، چەكسە ئەر، ئۇنداق قىلمىسا ئەر ئەمەس دېيىش تازا ئاقىلانىلىك ئەمەس. شۇڭا، ھەربىر ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنى ئەخلاقلىق، ئىنساپلىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشى، ئۆزىنىڭ دۇرۇس بولمىغان ئىدىيىلىرىنى بالىلىرىغا سىڭدۈرمەسلىكى، تېخىمۇ مۇھىمى «ئۆزىنى تۇتۇپ، ئەدەپكە قايتىشى» كېرەك. (09)









ئانقىز ئەزىزى



# ئۈرۈمچى قوينۇڭ زادى قانچىلىك كەڭ

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان خىزمەتداشلىرىم، دوست ـ بۇرادەرلىرىم، تونۇش ـ بىلىشلىرىم ئۈرۈمچى ھەققىدە پاراڭ بولۇپ قالسىلا «ـ ئۈرۈمچى دېگەن شۇنداق ئەركىن شەھەر جۇمۇ، قانداق يۇرسە، ھەرنېمە ئىشلارنى قىلسا يارىشىدىغان، بىرىنىڭ ماڭغان يولىغا يەنە بىرى چات كىرىۋالمايدىغان، ھەركىم ئۆز خاھىشى بىلەن ياشايدىغان شەھەر» دېيىشىپ كېتىشەتتى. مېنىڭمۇ رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بۇ شەھەرنى كۆرۈپ ھېلىقى قاراشتىكىلەر بىلەن ئورتاقلىشىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. كېيىن مەلۇم تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ، ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل دىيارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. گەرچە مەن ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى، ياشاش ئادەتلىرىنى تەكشۈرمىگەن بولساممۇ، ماڭا ئوخشاش يىراق رايونلاردىن تەربىيىلىنىشكە كەلگەن بىر قىسىم كۇرسانتلار بىلەن شەھەر ئايلىنىش جەريانىدا بىر قىسىم ياشلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قاراپ: «بۇ شەھەر ھەرقانداق ئىشنى قىلىۋەرسە راستىنلا يارىشىدىغان شەھەرمىدۇر؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم.

ئۇ يەرگە تەربىيىلىنىشكە كەلگەن مەن بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان خىزمەتدىشىمنى يوقلاش ئۈچۈن كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ماڭدىم. ئاپتوبۇس دوستلۇق بېكىتىگە كەلگەندە بىر جۈپ قىز ـ يىگىت چىقتى. قىزنىڭ كىيىۋالغان مايكىسىنىڭ قىسقىلىقىدىن بەل قىسمى ئاساسەن ئوچۇق قالغانىدى. چاچلىرىنى بوياۋالغان بولۇپ، كۆزۈمگە غەلىتىلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلار مېنىڭ ئالدىمدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئوغۇل بىر دەم قىزنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى قىچىقلايتتى، ھەتتا كۆكسلىرىنى مۇجۇيتتى، بىر دەم قىزنىڭ يۈزلىرىنى، بويۇنلىرىنى ھاياسىزلارچە يالايتتى. قىز ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي، ئىڭراپ تۇراتتى. شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىزا ـ نومۇسنى ئۇنتۇغان بۇ ئىككىيلەندىن شۇنداق سەسكىنىپ كەتتىم. يېنىمدىكى ئايالغا: «بۇ ئىككىسى كۆپكۆندۈزدە نېمانداق سەتلىشىدۇ، نومۇسسىز، يولدىن چىققانلارمۇ ـ قانداق؟» دېدىم. بۇ ئايال

مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ: «سىڭلىم، ھەيران قالماڭ، ھازىر بۇنداق ئىشلار نەگىلا قارىسىڭىز بار. بۇ دېگەن ئۈرۈمچى ئەمەسمۇ، بىركىم بىلەن بىرىنىڭ چاتىقى يوق. گەپ قىلسىڭىز سىزنى تىللايدۇ تېخى» دېدى.

بۇنداق ئاممىۋى سورۇنلاردا قىلىشقا بولمايدىغان ئەدەپسىز قىلىقنى بەك خورلۇق ھېس قىلغانلىقىمدىن: «ئىككىڭلار خاپا بولمساڭلار، ئەدەپلىكرەك ئولتۇرساڭلار بولارمىكىن. ئۆيۈڭلارغا بېرىپ نېمە ئىش قىلساڭلار بولىدۇ ئەمەسمۇ، بۇ دېگەن ئاممىۋى سورۇن» دېيىشىمگە، ھېلىقى ئىشقىۋاز ئوغۇل ئورنىدىن تۇرۇپ: «نەدىن كەلگەن سەھرالىق سەن، نېمە ئىش قىلساق ئۆزىمىزنىڭ ئەركىنلىكى، قانداق دېگەن تەربىيە كۆرمىگەن نېمە سەن، ئۆزۈڭنى بىلىپ ئولتۇرمامسەن» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. مەن جىددىيلەشكەن ھالدا: «كەچۈرۈڭ، تەربىيە كۆرگەن يىگىت، سىزنىڭ پەيزىڭىزنى بۇزۇۋېتىپتىمەن، مەن سىلەرنى بىر ـ بىرىڭگە چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ قاپتىمەن، ئۇياتسىزلىق سىلەرنىڭ تەبىئىتىڭلار ئىكەن ئەمەسمۇ» دېدىم تەنە قىلىپ. قىلىقسىز يىگىت گەپلىرىمدىن ئوغىسى قاينىغان بولسا كېرەك، مۇشت كۆتۈرۈۋىدى، ياندىكىلەر توسۇۋالدى. مەن دەل چۈشىدىغان بېكەتكە كېلىپ قاپتىمەن، ئۇ چالۋاقاپ تىللاپ قالدى. مەن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتىم.

مېنىڭ ھېلىقى تونۇش ـ بىلىشلىرىم، دوست ـ بۇرادەرلىرىم دېگەن ئەركىنلىك يارىشىدىغان ئىشلار، ئاشۇنداق كىشىگە سەلبىي تەسىر بېرىدىغان ئىشلارمۇ، تۇۋا تېخى يۈزى ئېچىلمىغان ھېسابلاپ يۈرگەن بىر قىز كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن بولغۇسى جۈپتىنى ئۇنتۇپ، باشقا شەخسلەر بىلەن ئىشپەش تارتىشىپ يۈرسە، ئاممىۋى سورۇنلاردا كۆپچىلىكتىن خىجىل بولماي، بىر ـ بىرىنى يالىشىپ، نازۇك جايلىرىنى تۇتۇشۇپ يۈرۈشسە، بۇ جاھاندىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئىززا ـ نومۇس، شەرم ـ ھايا، ۋىجدان، غۇرۇر دېگەنلەر نەگە كەتتى؟ ئەجەبا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئۈرۈمچى نېمە ئىش قىلسا بولۇۋېرىدىغان شەھەرمىدۇ؟

قىزلار بىر مۇقەددەس تۇپراق، بۇ تۇپراقتىن جەمئىيىتىمىزگە سەرخىل كۆچەتلەر يېتىشىپ چىقىدۇ. ھازىر ئاز ساندىكى قىزلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، كەلگۈسىدىكى بىر ئۇلۇغ ئانا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ھەر خىل كېچىكلەرگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزىنى قوغداشنىڭ يوللىرىنى بىلمەيۋاتىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىز مېيلى دورايلى، يەنىلا شەرم ـ ھايانى، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى تىلتۇمار قىلىپ، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئېسىۋالايلى.

بۇ مەدەنىي شەھەر ئاپتونوم رايونىمىزغا ھەممە جەھەتتىن ئۈلگە بولسۇن، بۇ شەھەردە ياشىغۇچى كىشىلىرىمىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، شەرم ـ ھايالىق، بىلىمدانلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن قېرىنداش شەھەردىكى كىشىلەرگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتسۇن. «ئۈرۈمچى ھەرقانداق ئىش يارىشىدىغان شەھەر» دەپ، بۇ شەھەرنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرمەيلى. ئۈرۈمچى مېيلى رايونىمىزدىن، مېيلى ئىچكىرى ئۆلكە، چەت ئەللەردىن كەلگەن كىشىلەرگە مەنزىرىسى چىرايلىق، ئادەملىرى غۇرۇر ـ ۋىجدانلىق تۇيغۇسىنى بېرىدىغان ھەقىقىي مەدەنىي شەھەر بولسۇن. (06)

(قاينام فونوسى)

(ئاپتور: ئاتۇش شەھىرى كانتايلاق ئوتتۇرا مەكتىپىدە)

# تور دۇنياسى ۋە پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى



مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېقىندا تارقاتقان «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دا كۆرسىتىلىشىچە، ئوچۇق شەكىلدە ئۇچۇر تارقىتىش ۋە ئالاقىلىشىش قورالى بولغان كومپيۇتېر بىرلەشمە توردا ئىجابىي تەشۋىق قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەكسىيەتچىل، خۇراپىي، شەھۋانىي، چاكىنا، ناچار مەزمۇندىكى نەرسىلەرنىڭ تارقىلىشىنى توسۇش كېرەك. مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مىنىستىرى مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «پروگرامما» تور مەدەنىيىتىنى قۇرۇشقا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ دەل ۋاقتىدا بولدى. ئىنتېرنېت تورى يېڭى بىر شەيئى، شۇنداقلا بىر «قوش بىسلىق خەنجەر» ھېسابلىنىدۇ.

كۆپلىگەن ناچار ئۇچۇرلار ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ تەن ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، ئىنتېرنېتتا «سېرىق» نەرسىلەرگە قارشى تۇرۇشنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

### توردىكى ناچار ئۇچۇرلارنىڭ تەسىرى

2001 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، تور مەدەنىيەت قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسى كومىتېتى «جۇڭگو پوچتا ـ تېلېگراف لوگقىسى» 2 ـ قېتىملىق جۇڭگو مۇنەۋۋەر مەدەنىي تور پونكىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىلىشىچە، 95% مەدەنىي تور پونكىتلىرىدا شەھۋانىي خاھىشتىكى مەزمۇنلار يوق ئىكەن. بۇ ئېلىمىزنىڭ مەدەنىي توردىكى تور پونكىت قۇرۇلۇشى نېگىزىدىن قىلىپ ئېيتقاندا، ساغلام ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىراق، تەكشۈرگۈچى خادىملار يەتتە شەھەردە جەمئىي 3728 نەپەر تورغا چىقىپ باققان پۇقرانى تەكشۈرۈش جەريانىدا، شۇ پۇقرانىڭ توردىكى پاسسىپ ئەھۋاللارغا قارىتا ئىنكاسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقىغان. يەنى زىيارەت قىلىنغان 75.19% كىشى توردا سېرىق، شەھۋانىي نەرسىلەر ئېقىپ يۈرىدىغان تور ئورنى ۋە پروگراممىلار بار، دەپ قارىغان.

تور مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى گۇرۇپپىسى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ يۇپىڭ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: يۇقىرىدىكى بۇ ئىككى سان بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس. ئۇ تور مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىغا نىشان كۆرسىتىپ بەردى. ئەمەلىيەتتە، بىرلەشمە توردىكى ھەرقايسى تور پونكىتلىرى ناھايىتى كۆپ. بەزى سېرىق، ئەكسىيەتچىل، زوراۋانلىق مەزمۇنىدىكى نەرسىلەر تارقاتقان تور پونكىتلىرى ۋە ئۇنى ئاچقۇچىلار مەيلى دۇنيانىڭ قايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا بولسۇن، شۇ مەزمۇنلارنى تورغا تارقىتىشى بىلەن تورداشلاردا سەلبىي تەسىر پەيدا بولدى.

## تېخنىكا ۋاستىلىرىغا تايىنىشنىڭ تەخىرسىزلىكى

توردىكى شەھۋانىي مەزمۇنلار تور مۇھىتىنى بۇلغاپ، جەمئىيەتكە ئېغىر خەۋپ كەلتۈردى، بولۇپمۇ كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەردە يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى بىر قەدەر تۆۋەن بولغاچقا، شەھۋانىي مەزمۇندىكى نەرسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئاسانلا ئۇچرايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ شەھۋانىي مەزمۇندىكى ئوقۇشلۇقلار بىلەن ئۇچرىشىش يوللىرى چەكلىك بولىدۇ. ئائىلە باشلىقلىرى ياكى مۇئەللىم نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ توردىكى شەھۋانىي ئۇچۇرلار بىلەن ئۇچرىشىشى يەنىلا ئاسان بولماقتا. بەزى ئاتا ـ ئانىلار تورنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، قۇرامىغا يەتمىگەن قىزلارنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلالمايدۇ ـ دە، كۆپىنچە توردىكى شەھۋانىي مەزمۇنلار «باش جىنايەتچى» بولۇپ قالىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: قانۇن ـ تۈزۈم، تېخنىكا ۋە ئەخلاق قاتلىمى بويىچە ھەر تەرەپتىن تەدبىر قوللىنىپ، توردىكى شەھۋانىي مەزمۇنلارنى ئۈنىۋېرسال تەرتىپكە سېلىش كېرەك. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى قاتارلىق ئون تارماق مەدەنىيەتلىك تور قۇرۇلۇشى گۇرۇپپىسى كومىتېتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. بىر يىل بولا ـ بولمايلا، كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر قاتار خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

بۈگۈنكى كۈندە، نۇرغۇنلىغان ئائىلىدىكى ئاتا ـ ئانىلار «پەرزەنتىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، باللىرىغا كومپيۇتېر ئېلىپ بېرىدۇ، ئەمما توردا قالايمىقان نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. باللارنىڭ بىلەر ـ بىلمەس ھالدا» ئېغىر زەھەرلەنگەنلىكىنى بايقىغاندا، ئۇلار پۇشايمانغا قالىدۇ.

### مەدەنىي تور — بىر سىستېما قۇرۇلۇشى

ئېنگلىيىدە، ھازىر مەملىكىتىمىزدە «سېرىق نەرسىلەرگە قارشى تۇرۇش» سۈزگۈچلۈك يۇمشاق دېتال تېخنىكىسى بىرقەدەر پىشىپ يېتىلگەن. «تورخانا ساقچىسى 110»، «يەر شارى تورى» قاتارلىق سۈزگۈچلۈك تېخنىكىسى نۇرغۇنلىغان جايلاردىكى تورخانىلاردا ئىشلىتىلمەكتە. مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم «مەدەنىي تور قۇرۇلۇشى يېشىل كومپيۇتېر» دېگەن نامغا ئېرىشكەن «كاڭ مېيسى» يېشىل كومپيۇتېر بار.

بىراق، نۆۋەتتە «سېرىقلىققا قارشى تۇرۇش» سۈزگۈچلۈك يۇمشاق دېتالنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى بىلەن زور كۆلەمدىكى كومپيۇتېر ۋە تورخانا بازارلىرىنىڭ سىغىمىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرساق يەنىلا ماس كەلمەيۋاتىدۇ.

«مەدەنىي تور قۇرۇلۇشى» ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى شۇ ۋېيبو شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلغان: مەدەنىي تور قۇرۇلۇشى —بىر سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلارنىڭ ئاخىرغىچە تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك ئىكەن. مەدەنىي تور قۇرۇلۇشىدا، ئىنتېرنېت ئىدىيە بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، مەدەنىيلىك بىلەن تورغا چىقىش، مەدەنىي تور بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىي تور قۇرۇلۇشىنى ئەڭ يۇقىرى قاتلامغا كۆتۈرۈش لازىم.

نۇرغۇن يىللاردىن بېرى مەدەنىي تور قۇرۇلۇشىغا ئىشتىياق باغلاپ كەلگەن ۋاڭ يۈشېڭ پروفېسسور مۇنداق دېگەن: مەدەنىي تور قۇرۇلۇشى — ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى چوڭ سىستېمىسىنىڭ مۇھىم ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھەرىكەتكە كېلىشى لازىم. ھۆكۈمەتلەر قانۇن بويىچە قاتتىق باشقۇرۇشى، تور پونكىتلىرى ئىنتىزامچان بولۇشنى كۈچەيتىشى، تورداشلارمۇ مەدەنىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «توسۇش» بىلەن «بەرپا قىلىش»نىڭ مۇناسىۋىتىگە دىئالېكتىكا بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، تېخنىكا ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ساغلام بولمىغان تور پونكىتلىرىنى تاقاش ئەلۋەتتە ھەقلىق. بىراق، بىر تۈركۈم ئالىي سۈپەتلىك مۇنەۋۋەر تور پونكىتلىرىنى قۇرۇشتا، بولۇپمۇ ھازىر بار بولغان تور پونكىتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ۋە ئۇنى تولۇقلاش تېخىمۇ جىددىي بولماقتا. (02)

(«خەلق گېزىتى» 2001 ـ يىل 27 ـ ئۆكتەبر سانىدىن تۇرسۇن ئوبۇلقاسىم. ت)

# مېنىڭچە، پۇلمۇ، ۋىجدانمۇ مۇھىم

غوپۇر مىجىت

ھۆرمەتلىك بۇئايشەم، مەن سىزنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «پۇل مۇھىممۇ، ۋىجدانمۇ؟» دېگەن ماقالىڭىزنى ۋە تەھرىر تاغىلارنىڭ سىزگە يازغان جاۋابىنى ئوقۇپ، مېنىڭمۇ قولۇمغا قەلەم ئالغۇم كېلىپ قالدى. ھۆرمەتلىك بۇئايشەم، سىز توغرا ئېيتىسىز، ۋىجدان ئەلۋەتتە مۇھىم. بىراق تەھرىر تاغىمىز ئېيتقاندەك، پۇل بولمىسىمۇ بولمايدۇ. سىز ئويلىنىپ بېقىڭ، سىزگە ئوقۇش ئۈچۈن پۇل كېتىدۇ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرەر ئىدارىگە ئىش ئىزدەپ بارسىڭىز «خوش ـ خوش دېيىشكە ۋىجدانىم چىدىمايدۇ» دەپ، ئۇدۇللىسىغىلا ئىش ئىزدەپ كەلدىم دېسىڭىز ھەممىلا ئىدارىدە ئىشتىن قېلىش بىلەن كارخانىلارغا پاي قوشۇش تازا ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە قۇرۇق قول سىزنى قوبۇل قىلارمۇ؟ ئەگەر سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز پۇللۇق بولماي، ھېچقانداق ئىقتىسادىي ياردىمىسىز قالغان ئەھۋالدا دېھقانچىلىق قىلسا، سىز خىزمەت تېپىش ئۈچۈن پۇل تاپشۇرۇشقا توغرا كەلسە قانداق بولار؟ ھازىر سىزنىڭ خىزمەت ئىشىڭىزنى ھەل قىلىش ئۈچۈنمۇ پۇل كېرەك. مۇناسىۋەت ئۈچۈن پۇل ئەلۋەتتە مۇھىم. سىزمۇ ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ، يەنىلا ئاتا ـ ئانىڭىزغا بېقىندى بولۇشنى خالامسىز يا؟ ئەگەر سىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيىڭىز بولۇپ، ئىمتىھاندىن بىرقانچە نومۇرنى كەم ئېلىپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالسىڭىز، ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنىڭ ئوقۇش ئارزۇيىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلسە، بىراق ئىمتىھاندا نومۇرنى كەم ئېلىپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ھەسرەت چېكىپ پۇشايمانغا قالسىڭىز ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنى كۆرۈپ سىزگە ئوقۇش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن پۇل تۆلەپ ئوقۇشنى ھەل قىلسا، سىز مەن ئۆز كۈچۈم بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم. سىلەر ھەل قىلغان مەكتەپتە مېنىڭ ئوقۇشقا ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ دەپ ئوقۇشتىن ۋاز كېچەرسىزمۇ؟

جەمئىيىتىمىزدە يەنە شۇنداق بىر قىسىم ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار پۇل ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسى، خوتۇن ـ بالىلىرى، ھەتتا ئۆزىنىڭ غۇرۇرىدىن ۋاز كېچىشكىمۇ رازى، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئەتىسىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى پۇل. ئۇلاردا ۋىجدان دېگەندىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق. بىراق، ناھايىتى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ساقلاپ پاك ياشايدۇ، ئۇلار پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب كىشىلەردۇر. ئۇلار پۇلنى بىر خىل ۋاستە دەپ قارايدۇ. ئۇلار ۋىجدانىغا قىلچىمۇ داغ تەگكۈزۈشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ۋىجداننى دەپ ھەتتا ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى. مەن ھازىرقى جەمئىيەتتە پۇلمۇ، ۋىجدانمۇ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا مۇھىم دەپ قارايمەن. چۈنكى، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە پۇل بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. لېكىن شۇ پۇلنى توغرا يولغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ھەرقانداق كىشىدە ئۆزىگە تۇشلۇق ۋىجدان بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ھۆرمەتلىك بۇئايشەم، مەن يۇقىرىدا ئۆزۈمنىڭ كۆزقارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ، جەمئىيەتتە ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك چىقىش يولىنى ئىزدەپ ئەسكەرلىككە كەلگەن بىر ئاددىي خەلق ئەسكىرىمەن.

ھۆرمەتلىك تەھرىر تاغا، ياخشىمۇسىز؟ مەن يۇقىرىدا بۇئايشەم ھەمتىمىنىڭ «پۇل مۇھىممۇ، ۋىجدانمۇ؟» دېگەن تەنقىدىي ماقالىسىگە قارىتا ئۆزۈمنىڭ كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. مېنىڭ قاراشلىرىمغا ئوخشىمايدىغان تېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر بولسا قىزىقىپ ئوقۇپ چىقىمەن. (09)

(ئاپتور: كورلا شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش 2 ـ ئوتتۇرا ئەترەتتىن)

تۇرمۇش سىلىھەتچىسى
8 گېزىتى
2002 ـ يىل
نويابىر
ئومۇمىي
(169 ـ سان)

# بوغدا دوختۇرخانىسى ئالاھىدە ھەمكارلاشتى

## تۇغماسلىق كېسەللىكى توغرىسىدىكى خاتا قاراش

ئەگەر بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن توي قىلىپ ئۇزۇنغىچە پەرزەنتلىك بولالمىسا، بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئىش. يېقىندا، مۇئەللىپ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى شۆبە دوختۇرخانىسىنىڭ تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالاش بۆلۈمىدىكى خۇي دوختۇرنى زىيارەت قىلدى.

خۇي دوختۇر مۇنداق دېدى: ئىلگىرىكى تۇغماسلىق كېسەللىكى ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتى، دەپ قاراش ئىنتايىن بىر تەرەپلىمە ۋە خاتا قاراش. تۇغماسلىق كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار مۇرەككەپرەك بولۇپ، ئاۋۋال ئەر تەرەپنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك. ئەرلەرنىڭ ئىسپېرمىسى سۈيۇقلانماسلىق، ئىسپېرمىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى سۇس بولۇش، مەنىي بولماسلىق ياكى ئىسپېرما ئۆلۈك بولۇش، ئىسپېرمىنىڭ سانى ھەددىدىن زىيادە ئاز بولۇش، باھ زەئىپلىشىش، بالدۇر ئىسپېرما كېتىش، يان ئۈرۈقدان ياللۇغى، ئۈرۈقدان ياللۇغى، مەزى بېزى ياللۇغى قاتارلىقلار ئەرلەرنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە ئاياللارنىڭ تۇغماسلىق كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تۇغماسلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ 70%نى ئىگىلەيدۇ. كلىنىكىدا دائىم كۆرۈلىدىغان ئاياللارنىڭ ھەيز نورماللاشماسلىق، ھەيز كېلىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، ھەيز ئازلاپ كېتىش، بالىياتقۇ مۇزلاش، تۇخۇم يەتكۈزۈش يولى توسۇلۇش، بالىياتقۇ يېگىلەش، بالىياتقۇ مۇسكۇل ئۆسمىسى، بالىياتقۇ ئىچكى پەردە ياللۇغى ياكى ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىش كېسەللىكى، تۇخۇمدان خالتىلىق ئىششىقى، تۇخۇم ئاجرىتىش توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ئادەت خاراكتېرلىك بويىدىن ئاجراش، سوزۇلما داس بوشلۇقى ياللۇغى، قوشۇمچە ئەزالار ياللۇغى قاتارلىقلار تۇغماسلىق كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خۇي مۇدىر تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالاشتا توغرا دىئاگنوز قويۇپ، كېسەللىكنى ئېنىقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ھازىر گەرچە تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە داۋالايدىغان دوختۇرخانىلار كۆپ بولسىمۇ، ئەمما كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەنگەن، مەخسۇس تۇغماسلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىغان دوختۇرلار ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇڭا، ئاغرىقلار ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە دورا ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. مەسئۇلىيەتنى بىر قىسىم دورا ئېلانلىرىغا ياكى ئەجدادتىن ـ ئەۋلادلارغا قالغان مەخپىي رېتسېپ، غەيرىي رەسمىي رېتسېپلارغا ئىشىنىپ كەتمەسلىك كېرەك. بۇلار بىلەن كېسەلنى داۋالىيالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە كېسەلنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئاغرىق ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيادە ئىقتىسادىي يۈك ۋە روھىي ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. نۆۋەتتە، دوختۇرخانىمىز ۋۇخەن «شىجى» دوختۇرخانىسىدىن ئەڭ يېڭى «چىقىرىش، ئۆتكۈزۈش، كىرگۈزۈش ئىبارەت ئۈچ بىرلەشكەن» داۋالاش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، ھەر خىل تۇغماسلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مەخسۇس تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالايدىغان دوختۇرلارنىڭ داۋالىشى بىلەن نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ئانا بولۇش چۈشى رېئاللىققا ئايلاندى. ئادەتتىكى ئاغرىقلار بىرىنچى ـ ئىككىنچى داۋالاش باسقۇچىدا ساقىيىپ كەتتى. داۋالاش ئۈنۈمى ھەممىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئارتۇق ۋەدە بېرىش ھاجەتسىز. ئەمەلىيەتتە كېسەللىك بولسا مۇشتىرىم دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئىلمىي، سىستېمىلىق داۋالانسىلا، تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ.

دىققەت: دۈشەنبە، چارشەنبە، جۈمە، شەنبە كۈنلىرى كېسەل كۆرىدۇ.

ئالاقىلەشكۈچى دوختۇر: رىسالەت

مەسلىھەت بېرىش تېلېفون نومۇرى: 2836987 0991

پوچتا نومۇرى: 830002

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 121 ـ قورۇ. دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ خەلق يولىدىكى شۆبە دوختۇرخانىسىنىڭ تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالاش بۆلۈمى. 3 ـ يول، 36 ـ يول، 44 ـ يول، 61 ـ يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ قىزىلبايراق يولى بېكىتىدە چۈشۈپ غەربكە 50 مېتىر ماڭسىڭىز يېتىپ بارىسىز ياكى 1 ـ يول، 101 ـ يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ نەنمېن بېكىتىدە چۈشۈپ غەربكە 300 مېتىر ماڭسىڭىز يېتىپ بارىسىز.



## سوغۇق سۇدا باش يۇيۇش...

بەزى كىشىلەر ئۆگىنىش، خىزمەت ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىپ، مېڭىسى چارچاپ، ئېزىلىپ ئۇيقۇسىرىغاندا سوغۇق سۇ بىلەن بېشىنى يۇيۇپ هاردۇق چىقىرىدۇ. بۇنداق قىلىش خاتا. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەگەر مېڭىنى ئىشلىتىش ۋاقتى ئۇزاقراق بولسا، چوڭ مېڭىدىكى قۇۋۋەت ۋە ئوكسىگېن كۆپ دەرىجىدە خورايدۇ. قان يەتكۈزۈلۈش يېتەرلىك بولماي، نېرۋا ھۈجەيرىلىرى چارچاپ روھسىزلىنىش، ئېزىلىپ ئۇيقۇسى كېلىشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، ئەگەر مانا مۇشۇنداق چاغدا باشنى سوغۇق سۇدا يۇيىدىغان بولساق، سوغۇق سۇ باش تېرىسى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن بىردەملىك سەگىپ قالغاندەك ھېس قىلغان بىلەن ئادەم مېڭىسىنىڭ قان بىلەن تەمىنلىنىشىگە پايدىسىز. ھەتتا بەزىبىر كېسەللىكلەرنى، مەسىلەن، قىسقا مۇددەتلىك مېڭىگە قان يېتىشمەسلىك، باش ئاغرىش، باش قېيىش، چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ كېتىشتەك ئالامەتلەر يۈز بېرىدۇ. ئۇنداقتا، چارچاش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە كۆپرەك ھەرىكەت قىلىپ بېرىش، بىرنەچچە قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ بېرىش كېرەك، مۇنداق قىلغاندا ساپ هاۋانى سۈمۈرۈپ، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش ئارقىلىق چوڭ مېڭىگە ئوكسىگېن يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، چوڭ مېڭىنىڭ روھلىنىشىنى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. (02)

(پەرىدە قاۋۇز. ت)

## راكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان...

يېقىندا، دۆلىتىمىزنىڭ تىببىي خادىملىرى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى 100 ياشتىكى ياشانغانلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكى ھەر كۈنى تاتلىقياڭيۇ ئىستېمال قىلغانلىقى، ھەتتا تاتلىقياڭيۇ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى ئىكەنلىكى بايقالغان. ياپونىيە راك كېسەللىك تەتقىقات مەركىزى يېقىندا ئېلان قىلغان راك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان 20 خىل كۆكتاتنىڭ تىزىملىكىدە: تاتلىقياڭيۇ، قاتىكۆك، كەرەپشە، تۇرۇپ، پەمىدۇر، سۇكپىياز، سامساق، يېسىۋىلەك، سەي كاۋىسى قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدە تاتلىقياڭيۇ بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ياپونىيە تەتقىقاتچىلىرى 260 مىڭ ئادەمنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى تەكشۈرۈپ، پىشۇرۇلغان تاتلىقياڭيۇنىڭ راكقا قارشى تۇرۇش نىسبىتى 98.7% بولۇپ، خام تاتلىقياڭيۇغا قارىغاندا ئازراق يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. تاتلىقياڭيۇنىڭ تەركىبىدە مول ۋىتامىن، تالالىق ماددىلار بولۇپ، ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلار، ئۇنىڭدىن سىرت، سۇت، كالتسىي قاتارلىق مىنېرال ئېلېمېنتلار بار. بۇ ماددىلار قان تومۇرلارنىڭ ئېلاستىكلىقىنى ساقلاشتا، ياشانغانلارنىڭ ئادەت خاراكتېرلىك قەۋزىيەتنى داۋالاشتا ناھايىتى ئۈنۈملۈك. تاتلىقياڭيۇ بىر خىل كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇقلاش يېمەكلىكى. ئۇنىڭ چىقىرىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارى گۈرۈچنىڭ چىقىرىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىر ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. تاتلىقياڭيۇنىڭ تەركىبىدە تالالىق ماددىلار ۋە مېۋە شىرنىسى بولغاچقا، شېكەرنىڭ مايغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بولۇپمۇ ياشانغانلاردىكى قان قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. (02)

(بەرىدە قاۋۇز. ت)

## بىلىۋېلىڭ...

گىمرويى داۋالاپ ساقايتىش قىيىن بولغان بىر خىل كېسەللىك، ئۇنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى: تاپىنىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش. چۈنكى، ئادەم تاپىنىنى كۆتۈرۈپ يول ماڭغاندا كۈچ پۇتنىڭ بارماقلىرىغا چۈشىدۇ - دە، مەقئەتتىكى مۇسكۇللار قىسقىراپ، ئوڭ - سول يانپاشنىڭ مۇسكۇللىرى بىر چىڭىپ - بىر بوشاپ، مەقئەتنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاشتا مەلۇم رول ئوينايدۇ. مانا بۇ خىل ئۇسۇل كېسەلنىڭ ياخشىلىنىشىغا پايدىلىق. (02)

(بەرىدە قاۋۇز. ت)

## كاۋا...

ھەممىمىز كاۋا يەپ باققان. بىراق بىز كاۋىنىڭ ئالاھىدە رولىغا نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. ئالىملار تەتقىق قىلىپ، كاۋا دىئابىت كېسەللىكىنى داۋالاش، يۇقىرى قان بېسىم، بۆرەك، جىگەر قاتارلىق ئىچكى ئەزالاردا كۆرۈلىدىغان بىر قىسىم كېسەللىكلەرگە ئۈنۈملۈك رولى بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. كاۋا ئادەم بەدىنىدىكى ئىنسۇلىننىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئېلېمېنتلار يېمەكلىكلەردىكى خىمىيىۋى دورا ۋە ھەر خىل زەھەرلىك ماددىلارنى تازىلاش، بۆرەك، جىگەر خىزمىتى ئاجىز بولغان بىمارلارنى داۋالاش ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ ھۈجەيرىلىرىنى ياشارتىشتا مەلۇم دەرىجىدە ياردىمى بار. (02)

(بەرىدە قاۋۇز. ت)






↑ نەمەت ناسىر يازغان



←قۇربان ئىسمائىل يازغان

مەنسەپ تالاشماي بىلىمنى تالاش






↑ نامانجان تۇرسۇن يازغان

←توختاخۇن ياسىن يازغان





# دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل

ـــ مىرزەخمەت مەمتىمىن ـــ

2002 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سەھەر سائەت تۆت بولغان چاغ ئىدى.

كۇنەس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى توڭ شىنچېڭنىڭ ئىشخانىسىدىكى تېلېفون تەكرار جىرىڭلاپ كەتكەن. تېلېفون ئارالتۆپە ساقچىخانىسىدىن كەلگەن بولۇپ، تېلېفوندا ئارالتۆپە بازىرى 9 ـ كەنتتە زور قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ جەسىتىنىڭ پۈتۈنلەي پارچىلىۋېتىلگەنلىكى، جىنايەت گۇماندارىنىڭ ساقچىخانىغا تۇتۇپ كېلىنگەنلىكى مەلۇم قىلىنغان.

توڭ شىنچېڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى ليۇ شىئەن قاتارلىق بىر گۇرۇپپا خادىمنى نەق مەيدانغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. يەنە بىر گۇرۇپپىنى جىنايەت گۇماندارىنى سوراق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

رازۋېدچىكلار جىنايەت گۇماندارىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سوراق قىلىش جەريانىدا، ئۇ دادىسى بىلەن ئارازلىشىپ قېلىپ، ئاچچىقىدا ئۆز دادىسىنى قىگراق بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى پۈتۈنلەي پارچىلاپ تاشلىغان قەبىھ قاتىللىق قىلمىشىنى تولۇق تاپشۇرغان.

بۇ يىل 21 ياشقا كىرگەن جىنايەت گۇماندارى ما جۇڭخۇي ئارالتۆپە بازىرى 9 ـ كەنتتىدىن. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەچتە ما جۇڭخۇي ئانىسى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرغاندا، دادىسى ما جىخۇ سىرتتىن كىرىپلا ئوغلىنى:

«سەن ھارام تاماق يېيىشنىلا بىلىسەن، ئىشلەپ پۇل تېپىشنى ئۇقمايسەن، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا تۈزۈك قاراشمايسەن!» دېگىنىچە كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ، ئوغلىنى ئاغزى بېسىقماي سەت گەپلەر بىلەن تىللاۋەرگەن، بۇ تىل ـ ئاھانەتكە چىداپ تۇرالمىغان ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىغا ئالىيىپ تۇرۇپ:

ـــ سەن باشقىلارغا مېنى يامان كۆرسىتىپ: ئەسكى گېپىمنى قىلغانىنى ئاز دەپ يەنە مېنى ئۇرامسەن! ـــ دەپ ۋارقىرىغان. دادىسى كارىۋاتتىن چاچراپ تۇرۇپ:

ـــ سەن ماڭا گەپ ياندۇرغۇدەك بولدۇڭما؟ سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم، ـــ دەپ، ئوغلى ما جۇڭخۇينىڭ ئۇزۇن ئۆسكەن چېچىنى تۇتۇپ ئۇياق ـ بۇياققا سۆرىگىلى تۇرغاندا، ما جۇڭخۇينىڭ ئانىسى ئاتا ـ بالىنى ئاجرىتالماي سىرتقا چىقىپ قوشنىلىرىنى چاقىرغان بولسىمۇ، بۇ ئاتا ـ بالىنىڭ دائىم دېگۈدەك سوقۇشۇپ تۇرىدىغان ئادىتىنى بىلگەچكە ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان. ماجۇڭخۇينىڭ ئانىسى ئۆيگە قايتىپ كىرىشكە پېتىنالماي دېرىزىنىڭ سىرتىدىن ئۆي ئىچىگە قارىغىنىدا، ئاتا ـ بالا ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ ياقىلىرىنى بوغۇشۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا سۆرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەمدە ئۇ: «بۇلار دائىم مۇشۇنداق جېدەل ـ ماجىرا قىلىپ تۇراتتى. بىرئازدىن كېيىن ئوڭشىلىپ قالار» دەپ ئويلاپ، قىزى ما جۇڭمېينىڭ ئۆيىگە كەتكەن.

بۇ، سائەت 12 بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. بۇ ئۆيدىكى جېدەل ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماستىن، ئەكسىچە

بولۇۋاتاتتى.

ما جىخۇ ئوغلى ما جۇگخۇينىڭ چېچىدىن سۆرەپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئېلىپ كىرىشىگە، يېگەن تايىقىغا چىدىمىغان ئوغلى ئېڭىشىپ يۈرۈپ كارىۋاتنىڭ يېنىدىن قىڭراقنى ئېلىپ دادىسىنى چاناشقا باشلىغان، دادىسى ھېچنېمىنى كۆرەلمەي يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن. ئۇ دادىسىنىڭ بېشىنى كېسىپ تېنىدىن ئايرىپ تاشلاپ، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ئىككى قولىنى بېغىشىدىن چاناپ، قولىنىڭ بارماقلىرىنى ئۇششاق توغرىۋەتكەن. ئىككى پۇتىنى ئوشۇقىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن كېسىپ بولۇپ، جىنسىي ئەزاسىنى كېسىپ چاناپ، قورسىقىنى يېرىپ، قورساق ئىچىدىكى بارلىق ئەزالارنى سۇغۇرۇپ چىقارغان. ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ، قىڭراقنى شۇ يەرگە تاشلاپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆينىڭ يېنىدىكى ئۆستەڭدە يۈز ـ كۆز، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، 9 ـ چېسلا سەھەر سائەت 1.30 دا ھەدىسى ما جۇگمېينىڭ ئۆيىگە ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە بارغان. ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ھەدىسى:

— داداڭغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، — دەپ سورىغاندا، «ھېچ ئىش بولمىدى، دادام ئۆيدە ئۇخلاپ قالدى» دېگەن.

دادىسىدىن سەل ئەنسىرىگەن ما جۇگخۇينىڭ ئىنىسى دەرھال ئۆيگە بېرىپ، ئۆي ئىچىدە پارچە ـ پارچە بولۇپ ياتقان دادىسىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالغان ھەمدە دەرھال ئارالتۆپە ساقچىخانىسىغا دېلو مەلۇم قىلغان. دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان ئارالتۆپە ساقچىخانىسىدىكى نۆرەلى، سەۋلە، سۇڭ لىنكەي قاتارلىق ساقچىلار تېزدىن 9 ـ كەنتكە يېتىپ كېلىپ، جىنايەت گۇماندارى ما جۇگخۇينى ھەدىسى ما جۇگمېينىڭ ئۆيىدىن قولغا چۈشۈرگەن. (02)

(مۇتەللىپ مەتتوختى فوتوسى)

(ئاپتور: كۈنەس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدە)

## بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ ئېسىل مەھسۇلاتى «قار لەيلىسى» ماركىلىق يودلۇق تۇز





دېنار ـ كۆنچى ۋادىلىرىدا ياكى بۈگۈر ـ كورلا بوستانلىقلىرىدا «بۈگۈرنىڭ تۇزىنى يېسە ئوغۇل تۇغدۇرىدۇ» دەيدىغان بىر گەپ بار. بۇ گەرچە ناھايىتى كۆپتۈرۈپ ئېيتىلغان مۇبالىغە ياكى چاقچاق بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم نۇقتىدىن بۇ گەپ، بۇ يۇرتلۇقلارنىڭ ئۆز يېرىنىڭ تۇزىنى ئۇلۇغلايدىغان، تۇزىنى مۇقەددەس بىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بۈگۈر ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتى ئۇزاق يىللىق تۇز ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىگە ئىگە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كونا كارخانا بولۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق تۇز ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا. ئاپتونوم رايون بويىچە «توختامغا رىئايە قىلىشتىكى ئىشەنچلىك ئورۇن»، «تۇزچىلىق ئىشلىرىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن».

«قار لەيلىسى» ماركىلىق يودلۇق تۇز بۇ زاۋۇتنىڭ كوزىر مەھسۇلاتى بولۇپ، ساپ ئاش تۇزىنىڭ نىسبىتى 97% دىن يۇقىرى، تۇز نەركىبىدىكى يودنىڭ مىقدارى دۆلەت ئۆلچىمىدىن يۇقىرى. «قار لەيلىسى» ماركىلىق بۇ تۇز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ساغلاملىق قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇسى.

زاۋۇت ئادرېسى: بۈگۈر ناھىيىسى ئېچىش ـ تەرەققىيات رايونى (314 ـ نومۇرلۇق دۆلەت يولىنىڭ بويىدا، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرق تەرىپىدە) تېلېفون: 4690197 (0996)

# روھي غالىبىيەتچىلىك

جۇرئىتى

گېپىتىن ئېيتقاندەك، ئۆزى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگەنمىگەن ئادەم باشقىلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشنى بىلمەيدۇ.

ھوقۇق — مەۋجۇت ئىجتىمائىي شارائىتقا ۋە پۇقرالار مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشمىغان جايدا مۇقەررەركى، كۆز بويامچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە، ئالداش ۋە ئالدىنىش يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل پائالىيەتنىڭ دەۋرلىنىشى ئەلۋەتتە ساختا يۈكسىلىشكە سەۋەبچى بولىدۇ.

مېنىڭچە، يۈكسىلىش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ماددىينىڭ يۈكسىلىشى، يەنە بىرى، روھنىڭ يۈكسىلىشى. ھازىر كىشىنى ئويغا سېلىۋاتقىنى بىر قىسىم ئابرۇيپەرەس ۋە خىيالپەرەس بۇيرۇقۋازلارنىڭ ماددىي يۈكسىلىشى بولماقتا. بۈگۈنكى غەربىي رايوننى ئېچىپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش سەپىرى بىر قىسىم مىللىي زىيالىيلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلغان دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتۇردى، ھەتتا بەزىلىرى چەت ئەللەرگىمۇ چىقىپ، ئۇلارنىڭ مائارىپ ئۇسۇللىرىنى ئېلىپ كىردى. بۇ ئىنتايىن ياخشى ئەھۋال. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆزى كۆرگەن كوچىلاردىكى ھەر خىل مەنزىرىلەرگە مەستانە بولغاندەك، ئۆز جايىغا كېلىپلا كۆكەرتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. يەرلەر تالاي قېتىم ئۆزگەرتىلدى. كۆچەتلەر كۈندە دېگۈدەك 3 ـ 4 قېتىم يۆتكىلىپ، تاكى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئالمىشىش يۈز بەردى. كۆپ ئەمگەك كۈچى ۋە زور ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەنگەن بولسىمۇ، تۇتۇش نىسبىتىدىكى تۆۋەنلىك كىشىنى چۆچۈتتى.

بىزگە ھازىر زۆرۈر نەرسە زادى نېمە؟ تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ مائارىپ ئېڭىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ كوچا قۇرۇلۇشىدىكى ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىمۇ؟ سۇ يېتەرلىك بولمىغان جايدا تۇپراق ئۆزگەرتىپ ئىگىلىك تىكلەش ئاسان ئەمەس. بەزىلەر نېمە ئۈچۈن روھي غالىبىيەتچىلىك قىلىپ ئىقتىسادنىڭ بىھۇدە سەرپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئوبيېكتىپ شارائىتقا ھۆرمەت قىلماي، يېڭىلىق يارىتىش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ؟ يەنە نېمە ئۈچۈن رېئال ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلماي، يالغان سان ـ ساناق ۋە ساختا مەلۇماتلارنى مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ دەسمايىسى قىلىدۇ؟!

ھازىر توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجدىن، ئۆر قۇرۇلۇشى ۋە ئىككى ئاساسەن خىزمەتلىرى مۇھىم باسقۇچقا كىردى. بۇ ۋەزنى ئېغىر، چېنىلىش دائىرىسى كەڭ، خاسىيىتى زور بولغان خىزمەتتە يوقىرىنى ئالداش، تۆۋەننى بېسىش ياخشى ئەھۋال ئەمەس. ھەممىزگە مەلۇم، مائارىپ — قانۇنىيەتلىك، سىستېمىلىق، قارانىملىقى كۈچلۈك بولغان سوزۇلما خاراكتېرلىك مۇرەككەپ، نازۇك ئەقلىي قۇرۇلما. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى، پسىخىك قۇرۇلمىسى ۋە ئەقلىي قابىلىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، تۆۋەنتىكى ساپا مائارىپىنىڭ مۇھىم تەلىپى. بىر قىسىم ئورۇنلار مەسلىنىڭ نېگىزىنى ئەتىقىق قىلماي، كۆز ئالدىدىكى ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈنلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش ياكى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چوڭ ياشلىق باللارنى سوزۇپ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئېلىپ چىقتى. بۇ «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش» بولۇپ، خەت ساۋاتى ئەمدى چىقىۋاتقان بۇ باللار قانداقمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسكە يېتىشەلىسۇن؟

شۇ تاپتا يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاز بولمىغان كىشىلىرىمىزمۇ ھەشەمەتلىك ئائىلە مەدەنىيەت ئىگىلىكى بەرپا قىلىپ، مەنىۋى قاغجىراقلىقى بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ، ئۆي سېلىش ۋە بېزەشتىكى رىقابەت دولقۇنلىرى تىلى چىقمىغان باللىرى ئۈچۈن كاتتا ئىمارەت بەرپا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىشچان ۋە ئەقىللىقلىقىدىن پەخىرلىنىشىپ، باللارنىڭ ئوقۇش ۋە قىزىقىش پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىشى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ روھىنى تەربىيىلەشكە، ھەر خىل ئىلغار ئوقۇشلۇقلار بىلەن تەمىنلەشكە، زامانغا لايىق يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك قاتارلىقلار بىزنى ئويلاندۇرۇشى كېرەك.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز دەۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەردىكى روھي غالىبىيەتچىلىك بولۇپ، بەزىلەرنىڭ قەلب دۇنياسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدۇر. قىسقىسى، قايسى ئەلنىڭ پۇقرالىرىدا تىپچەكلەپ تۇرغان ھەرىكەتچان، ساداقەتلىك ساپ يۈرەك ۋە گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولىدىكەن، شۇ ئەل روناق تاپىدۇ. (02)

(رەسىمنى ئىسمائىل ئىبراھىم سىزغان)

(ئاپتور: كەلپىن ناھىيە يۇرچى ئوتتۇرا مەكتەپتە)



## كۆلكە دۇنياسى

### ستالىن چاقچاقلىرىدىن

ستالىن ئەينى يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ناخشىچىسى كوزلوفنىڭ ناخشىسىنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كوزلوف بىر كۈنى ستالىن بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ:

—يولداش ستالىن، مەن ئەزەلدىن چەت ئەلگە چىقىپ باقمىدىم، شۇڭا مەن... — دەپتۇ ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىقىش تەلىپىنى ئېيتىپ.

—يولداش كوزلوف، قېچىپ كەتمەيدىغانسىز ـ ھە؟— دەپتۇ ستالىن.

—قاراڭ سىزنى، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا يۇرتۇم چەت ئەلنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن بەك سۆيۈملۈك، — دەپتۇ كوزلوف. — توغرا ئېيتىسىز، قالتىس بىلەن گەپ قىلدىڭىز، ئۇنداقتا، سىز يۇرتىڭىزغا قايتىڭ!—دەپتۇ ستالىن.

* * *

بىر قېتىم بىر گېنېرال پولكوۋنىك ستالىنغا خىزمەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلغاندا، ستالىن دوكلاتتىن تولىمۇ رازى بولۇپ، دوكلات ئاڭلاش داۋامىدا ئىككى قېتىم بېشىنى لىڭشىتىپ، دوكلات قىلىنغان خىزمەت ئەھۋالىنى ماختاپتۇ. دوكلات تۈگىگەندىن كېيىن، گېنېرال پولكوۋنىك يەنە دېيىدىغان بىرنەرسە باردەك ئەلپازدا تۇرۇپ قالغانىكەن، ستالىن:

—گېنېرال پولكوۋنىك، يەنە دېيىدىغان گەپلىرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ ـ دەپتۇ.

—شۇنداق، يولداش ستالىن، مېنىڭ بىر خۇسۇسىي تەلىپىم بار ئىدى، —دەپتۇ گېنېرال پولكوۋنىك.

—قېنى سۆزلەڭ!

—مەن گېرمانىيىدە ئۆزۈم قىزىقىدىغان نەرسىلەرنى توپلىغانىدىم، ئەمما بۇ نەرسىلەرنى چېگرىدا چېكرا تەكشۈرۈش خادىملىرى ئېلىۋالدى، ئەگەر مۇمكىن بولسا بۇ نەرسىلەر ماڭا قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولسا.

—بولىدۇ، بولىدۇ، دەرھال بىر ئىلتىماس يېزىڭ! —دەپتۇ ستالىن گېنېرال پولكوۋنىكنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا. گېنېرال پولكوۋنىك ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان ئىلتىماسنى يانچۇقىدىن ئېلىپ سۇنۇپتۇ، ستالىن ئۈستىگە دەرھال تەستىق سېپتۇ. گېنېرال پولكوۋنىك خۇشاللىقىدا ستالىنغا نەچچە رەت رەھمەت ئېيتقانىكەن:

—رەھمەت ئېيتىش ھاجەتسىز! — دەپتۇ ستالىن. گېنېرال تەستىقنامىگە قارىغانىكەن، ستالىننىڭ يازغىنى «ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەر پولكوۋنىككا قايتۇرۇپ بېرىلسۇن. ستالىن» دېگەن تەستىق ئىكەن.

—يولداش ستالىن، تەستىقتا خاتالىق بار ئىكەن، مەن پولكوۋنىك ئەمەس، گېنېرال پولكوۋنىك! — دەپتۇ گېنېرال پولكوۋنىك.

—ياق، خاتالىق يوق، پولكوۋنىك، دەپتۇ ستالىن.

* * *

ستالىننىڭ ئېتراپىدىكىلەر ئۇنىڭدىن بەك قورقىدىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر ستالىن بىلەن كۆرۈشكەندە تەمتىرەپ، قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي قالىدىكەن. بىر قېتىم كىنو رېژىسسورى كوزىنتسوف ستالىنغا ئۆزى ئىشلىگەن بىر فىلىمنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇ ستالىننىڭ بۇ فىلىمگە بولغان تەسىراتىنى بىلمەكچى ئىكەن. بۇ چاغدا ستالىننىڭ ياردەمچىسى پوسكېلىشېۋ كىرىپ ستالىنغا بىر باغاقچە سۇنغانىكەن، ستالىن دەرھال چىراغنى ياندۇرۇپ:

—بولماپتۇ، —دەپ غۇدۇراپ كېتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان رېژىسسور شۇ مەيداندىلا ھوشىدىن كېتىپ ساپاغا يىقىلىپتۇ.

—ماۋۇ قورقۇنچاق بىچارە ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سىلەر ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭلار! مېنىڭ «بولماپتۇ» دېگىنىم ئۇنىڭ فىلىمىنى ئەمەس، بەلكى ياردەمچىم ئېلىپ كىرگەن باغاقچىنىڭ مەزمۇنىدىكى ئىشقا دېگىنىم، پۈتكۈل غەرب دۇنياسى پېقىر ستالىننى «بولمايدىغان ئادەم» دېگەن بۈگۈنكى كۈندە مەن ھوشۇمدىن كەتمىدىم! —دەپتۇ ستالىن.

* * *

كىنو ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى پولشاكوف ستالىنغا بىر فىلىم قويۇپ بەرگەندىن كېيىن قەلىمىنى ئېلىپ ستالىنغا سۇنۇپ، بۇ فىلىمنى قويۇشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەستىق سالغۇزۇۋالماقچى بوپتۇ. ئەمما، قەلەمنىڭ ئۇچى بۇزۇلۇپ قالغانىكەن، سىياھ چىقماي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەلەمنى ستالىننىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىپ بىر سىلكىگەنىكەن، ئۇنىڭدىن چىققان سىياھ ستالىننىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانلىق فورمىسىنىڭ ئاپئاق ئىشتىنىغا چاچراپ كېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن پولشاكوف قورققىنىدىن تامدەك تاتىرىپ قېتىپلا قاپتۇ. پولشاكوفنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن ستالىن:

## كۆلكە دۇنياسى

ــ يولداش پولشاكوف، نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭىز؟ سىز يولداش ستالىننىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىشتىنى يوق، دەپ ئويلىدىڭىزمۇ نېمە؟ــ دەپتۇ كۈلۈپ .

### تىلەك

كىچىك تامنىڭ تۈگۈلغان خانىرە كۈنى، ئاپىسى ئۇنىڭدىن: «نېمە تىلىكىڭ بار؟» دەپ سورىسا، ئۇ ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن «ئاھ تەڭرىم، مۇنتىرىئالنى كانادانىڭ پايتەختى قىلىپ قويغان بولساڭ» دەپتۇ. ئاپىسى ھەيران بولغان ھالدا: «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىسا، ئام: «بۈگۈنكى ئىمتىھاندا كانادانىڭ پايتەختىنى مۇنتىرىئال، دەپ يېزىپ قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ؟!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### چاي ئارىيەت ئېلىش

بىر كىشى ئۆيىگە كەلگەن دوستىنى چاي ئىچىپ كېتىشكە ئۇنتۇۋاپتۇ. ئەمما ئۆيدە سالىدىغان چاي قالمىغاچقا، ئامالسىز قوشنىلاردىن ئارىيەت ئالغىلى چىقىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، كورىدىكى سۇ بۇلدۇقلاپ قايناپ كەتكەچكە، ئايالى كورىغا سوغۇق سۇ قۇيۇپتۇ. سۇ ھەر بىر قېتىم قايىنىغاندا سۇ قۇيۇپ تۇلۇقلاپتۇ، شۇنداق قىلىپ، كورىدىكى سۇ تېشىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. قارىسا يولدىشى يەنىلا قۇرۇق قول قايتىپ كىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايالى يولدىشىغا: «بۇ دوستۇڭ ئۆز ئادىمى بولغاندىن كېيىن سۇمۇ تەييار بولۇپ قالدى، بىراقلا يۇيۇنۇپ كەتمەسمۇ؟» دەپتۇ.

### تارىخ ئىمتىھانى

ئالىي مەكتەپ تارىخ دەرسىدىن ئېلىنغان ئېغىزچە سىناقتا، پروفېسسور ئۈچ سوئال سورىسا، بىر ئوقۇغۇچى بىرمۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەپتۇ. پروفېسسور ئۇنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىپ، ئۇنىڭدىن «ئامېرىكىنى قىتئەسىنى كىم تاپقان؟» دەپ سوراپتۇ. «....»

پروفېسسور غەزەپلەنگەن ھالدا «كرىستوف كولومبو» دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئوقۇغۇچى دەرھال سىرتقا ماڭغانىكەن، پروفېسسور ھەيران بولغان ھالدا ئۇنى چاقىرىپ: ھەي، سەن نېمىشقا چىقىپ كېتىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئوقۇغۇچى: «كەچۈرۈڭ، پروفېسسور، سىز يەنە بىر ئىمتىھان بەرگۈچىنى چاقىردىڭىزغۇ» دەپتۇ.

### سەۋەب

بىر ساقچى ماشىنىنى تېز سۈرئەتتە ھەيدەپ كېتىۋاتقان شوپۇرنى توسقان، شوپۇر ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، سائەتتىكە 100 ئىنگلىز مىلى ھەيدەپتۇ، ئۇ ھامان قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ماشىنىسىنى يول بويىغا توختىتىپتۇ.

ساقچى يېنىپ كېلىپ: «مەن بىر كۈن ئىشلىدىم، ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. مۇنداق قىلايلى، سەن نېمىشقا تېز سۈرئەتتە قاچقانلىقىڭ توغرىسىدا ماڭا ياخشى بىر باھانە كۆرسەتەلىسەڭ، سېنى قويۇپ بېرىمەن» دەپتۇ.

شوپۇر ئازراق ئويلىنىۋېلىپ: «ئايالىم بىر ھەپتە بۇرۇن بىر ساقچى بىلەن قېچىپ كەتكەن. مەن تېخى سىزنى ئۇنى ياندۇرۇپ ئەكىلىپ بەرگىلى قوغلىغان ئوخشايدۇ دەپ، ماشىنىنى تېز سۈرئەتتە ھەيدەپ قاچقان» دەپتۇ.

### بالىنىڭ كەلگۈسى

دادىسى بالىسىغا كۆيۈنۈپ: «بالام، چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلماقچى؟» دەپ سوراپتۇ. بالىسى ئىنتايىن كۆرەڭلىگەن ھالدا: «مەن ھەربىي بولىمەن» دەپتۇ.

دادىسى دەرھاللا: «ياق، ھەربىي بولساڭ بولمايدۇ، ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ھەر ۋاقىت ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالى بولىدۇ» دەپتۇ.

بالىسى: «ئۇنداقتا، مەن دۈشمەن بولاي» دەپتۇ.

### جارچى كەم بولۇش

مۇئەللىم يەتتە ياش ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا تەبىئەت دەرسى بېرىۋېتىپ، ئۇلارغا بىر ئەركەك چۈمۈلە ئۆز ئېغىرلىقىنىڭ بەش ھەسسىگە توغرا كېلىدىغان يېمەكلىكنى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ: «سىلەر بۇنىڭدىن قانداق يەكۈنگە ئېرىشەلەيسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ، بىر ئوقۇغۇچى كەسكىن ھالدا: «ئۇلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### دانا تەدبىر

بىر ئوقۇغۇچى داڭلىق بىر ئىقتىسادشۇناسنى «بوشاشماق»، «كاساتچىلىق»، «ئالاقزادە» بولۇش دېگەن بىرنەچچە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلارغا تەبىر بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ مۇتەخەسسىس كۈلۈپ تۇرۇپ: «بوشاشقاندا ئادەملەر بەلۋاغىنى مەھكەم باغلايدۇ. كاساتلاشقاندا بەلۋاغنى سېتىۋالمىغىمۇ ناھايىتى تەس بولىدۇ. ئادەملەر ئىشتان ئېلىپ كىيەلمىگەندە ئالاقزادە بولۇشقا باشلايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.(02)

(ئەدەبە ئابلەت. ت)

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېيتقانلىرى

△ ئىككى كۈنلۈك خۇشاللىقىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈڭنى زورمۇزور ئوتقا تاشلىما.

△ بىۋاپا دۇنيا تۇراقسىزدۇر، بەخت چۆرگىلەپ تۇرىدۇ، نېمە بەرگەن بولسا، ئۇنى يەنە قايتۇرۇۋالىدۇ.

△ دۇنيا كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇ، ئىزىدىن ماڭساڭ قاچىدۇ، قاچساڭ ئىزىڭغا چۈشىدۇ.

△ كىم (دۇنيانىڭ) ئىزىغا چۈشسە، بۇ دۇنيا قاچىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن قاچساڭ، سېنى قوغلايدۇ.

△ بۇ دۇنيا سېنىڭ، ئۇ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، ياسانچۇق (نازىنىن) كېلىندەك كۆڭۈلنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.

△ تىرىكلىكنىڭ ھەربىر كۈنى بەكمۇ قىممەتلىكتۇر، بۇنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلساڭ بولمايدۇ.

△ تىرىكلىك كۆپ ياخشىلىقلار ئۈچۈن دەسمايىدۇر، ئۇنى سەن بىھۇدە (ئىسراپ) قىلما، ئەي دانا.

△ بۇ دۇنيانىڭ نەرسىسى ئۈچ (نەرسىدىن) باشقا ئەمەس: ئۇ، يا ھالال، يا مەكرۇھ، ياكى ھارامدۇر.

△ ھالالغا ھېساب، ھارام ئۈچۈن ئازاب بار. ئەگەر شۈبھىلىك (مەكرۇھ) بولسا، ئۇنىڭدىن چوقۇم ساقلان.

△ دۇنيا كىمنى سۆيدۇرسە، (ئۇنى) ئاخىر قوغلايدۇ. ھالاۋەت بىلەن خۇشال قىلسا، يەنە تېز يۈز ئۆرۈيدۇ.

△ شادلىقىڭدا نەزەر سالساڭ، ئاخىرى غەم ـ قايغۇدۇر، غەم بىلەن ياشىسا، ئاخىرى شادلىق بولىدۇ.

△ شادلىق بىلەن پەرۋىش قىلىپ، راسا سەمرىتىدۇ، غەم ـ قايغۇ بىلەن يەنە جۇدىتىدۇ.

△ (بۇ دۇنيانىڭ) ئۈستى نېمەت بولسا، تېگى مۇشەققەتتۇر. بېشى مۇشەققەت بولسا، ئاخىرى نېمەت ـ مەئىشەتتۇر.

△ قارا، سېنىڭ بايلىقىڭ ــ گادايلىقتۇر. ساڭا (قارىغاندا) كىم گاداي بولسا، (شۇ) بايدۇر.

△ كېتىدىغىنى كېتىۋېرىدۇ، ھەر كۈنى سەندىن يىراقلىشىدۇ، كېلىدىغىنى كېلىۋېرىدۇ، ھامان ساڭا يېقىنلىشىدۇ.

△ كېتىدىغانلارغا بىلىملىك (كىشى) كۆڭۈل بەرمەيدۇ، ئىدراكلىق، ئېغىر ـ بېسىق (كىشى) كېلىدىغانغا تەييارلىنىدۇ.

△ ئۆلۈمنى بىلىدىغان (كىشى) ئۆزىگە تەمەننا قويمايدۇ، ئۆلۈمنى كۆرگەن (كىشى) ئۆزىنى ئۇزاق (ۋاقىت) ئالدىمايدۇ.

△ يولۇچى كىشى يولدا ئۆي ياسىمايدۇ، كۆچىدىغان كىشى نەرسىلەرنى ئۆيىدە قالدۇرمايدۇ.

△ بۇ (دۇنيا) ساڭا كۆرۈنمەيدىغان تۇزاقتۇر، بۇ دۇنيانىڭ ماللىرى مىڭ (يەرگە) چېچىلغان.

△ ئاچ كۆز، تاقەتسىز (ۋە) غاپىل بولساڭ، (يەمنى) تېتىپ باقسەن (دە)، ئايىغىڭدىن ئىلىنىسەن. (06)

(«قۇتادغۇ بىلىك»تىن قىسقىچە ئىمكەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدىكى ئەكبەر جايىار تەييارلىغان)



# ئىختىساسلىقلار ئاۋارمۇ

—— سەۋلە ئەيتقالى ——

ئەگەر مائارىپنى «3 ـ كەسىپ»، تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتىنى «ھەقلىق مۇلازىمەت» دەپ قارىغاندا، ئۇنداقتا بۇ خىل كۆنسېرى ئىجتىمائىيلىشىۋاتقان «ھەقلىق مۇلازىمەت» نىڭ باھا ئۆلچىمىنى قانداق بېكىتىش كېرەك؟ مەكتەپ پايدىنى مەقسەت قىلسا بولامدۇ؟

بۇ ھەقتە گوۋۇيۈەن 1992 ـ يىلىلا «3 ـ كەسىپ»نىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدىكى «قارار»نى ماقۇللاپ، مائارىپنىڭ «3 ـ كەسىپ»نى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم بىر نۇقتا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مائارىپنى «3 ـ كەسىپ» مەۋقەسىگە قويۇش، تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتىنى ئادەم تەربىيىلەيدىغان مۇلازىمەت تۈرى دەپ تونۇش زۆرۈر. ئۇ بىر خىل مۇلازىمەت ئىكەن، ئۇنىڭدا جەزمەن بىر خىل ھەقلىق شەكىل بولۇشى ھەمدە بۇ خىل «شەكىل» جەمئىيەت تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك. لېكىن ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى نۇرغۇن كىشىلەر مائارىپنى «ئاۋام ئۈچۈن ھەقسىز خىزمەت قىلىدىغان خالىسانە كەسىپ، چۈنكى، دۆلەتنىڭ خەلقنى تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ قاراپ كەلگەنىدى. بۇ خىل قاراش يۇقىرىقى تونۇشقا زىت كېلىدۇ.

شۇڭا، مائارىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن مەكتەپلەر زىچ ماسلىشىپ، «ھەقلىق مۇلازىمەت»نىڭ باھا ئۆلچىمى مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلىشى كېرەك. مېنىڭچە، ئالدى بىلەن مۇلازىمەت پائالىيىتىنى تۈرلەرگە بۆلۈش، ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى يولغا قويۇش، مەسىلەن، كەسپىي تەرەققىيات، سودا تىجارىتى قاتارلىق شەكىللەرنى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ مۇلازىمەت پائالىيىتىگە ئاساسەن، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشكە كەتكەن ۋاقىتنى مۇھىم بىرلىك قىلىش ئارقىلىق ھەقلىق مۇلازىمەتنىڭ باھا ئۆلچىمىنى بېكىتىش كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ خىل باھا بازارنىڭ ئۆزگىرىش خىرىسىغا دۇچ كېلىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، مائارىپنىڭ ھەقلىق مۇلازىمەت باھا ئۆلچىمىنى بېكىتىش مەكتەپلەرنىڭ پايدا قوغلىشىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مائارىپنىڭ ھەقلىق مۇلازىمەت باھا ئۆلچىمىنىڭ بېكىتىلىشى كان ـ كارخانىلار مەھسۇلاتىغا باھا قويغانغا ئوخشاش ئەڭ زور پايدا تېپىشنى مەقسەت قىلسا مۇتلەق بولمايدۇ. مېنىڭچە، مائارىپتىن ئىبارەت ئادەم تەربىيىلەيدىغان بۇ خىل پائالىيەتنى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر ئۈچۈن ئىختىساس خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان مۇلازىمەت دەپ قاراپ، مائارىپ جەريانىنى مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىدىغان جەريان دەپ قاراش كېرەك. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مائارىپنى بىر خىل كەسىپ، يەنى «3 ـ كەسىپ» دەپ قاراش ئەقىلگە ئۇيغۇن، مائارىپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى — پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، شۇڭا ئۇ، دۆلەتنىڭ زور

ئىشى ھېسابلىنىدۇ. جۇملىدىن پارتىيە ـ ھۆكۈمەت مائارىپ راسخوتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى زۆرۈر. مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئاۋام مائارىپى پايدىنى كۆزلىمەسلىكى شەرت. لېكىن، ھەممە ئىشلاردا دۆلەتنىڭلا كۈچىگە تايىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئەسكەرتىش كېرەككى، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. ئۇ خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە قايتۇرۇلىدۇ. شۇڭا، مىللەتنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى كۆزلىگەندە، ھەر خىل خاراكتېردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئاز ـ تولا «مەنپەئەتلىنىش خاراكتېرى»دىكى كەسپلەرنى يولغا قويۇشنىڭمۇ مۇئەييەن پايدىلىق تەرەپلىرى بار. بۇ خىل «مەنپەئەتلىك پائالىيەت»مۇ مائارىپ ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ بىر ئۈنۈملۈك چارىسى.

نۆۋەتتە، كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلەر بازارغا يۈزلەندۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مائارىپ خىراجىتى ئاساسەن دېگۈدەك بازاردىن كېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇمۇ ھازىرقى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ بىر تەرىپى. ئەمدى بىز گەپنى تاۋار بىلەن ئىختىساسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە باغلايلى. يۇقىرىدا يۈزەكى ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى، كىشىلەر كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئەمگەك كۈچى ۋە ئىختىساسلىق خادىملار تاۋار ھېسابلىنىدۇ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئۇنداق بولمايدۇ، دېگەن قاراشقا كۆنۈپ قالغان. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىمۇ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەر ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولىدىغانلىق كۆزقارىشىنى قوبۇل قىلدى. گەپنى ئۇزۇپ ئېيتىش كېرەككى، ئىختىساسلىقلار تاۋار. ئۇ ئۆزىدىكى «كۈچ ـ ئىقتىدار»نى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى قىلىدىغان پائالىيەتچان ئادەم. ئۇنىڭدىكى بىلىم، ماھارەت ۋە ئىقتىدار شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق. ھەركىمنىڭ ئۆز ئەمگەك مېۋىلىرىنى تاۋار ـ مەھسۇلات سۈپىتىدە سېتىپ چىقىرىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش ھوقۇقى بار. شۇڭا، ئىختىساسلىقلارنىڭ قىممىتىنى مۆلچەرلەش تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ھەقىقىي باھاسىنى، قىممىتىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئەلۋەتتە ئىختىساسلىقلار بىلەن ئادەتتىكى تاۋارلارنىڭ زور پەرقى بار. ئىختىساسلىقلار بىر خىل «ئالاھىدە مەھسۇلات» ھېسابلىنىدۇ. ئىختىساسلىقلارنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنى ئادەتتىكى تاۋارلارغا ئوخشاش ئاددىي ئۇسۇل بىلەنلا سېتىپ چىقىرىشقا، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مۇتلەق بولمايدۇ. يەنى ئۇلارنى ئادەتتىكى مەھسۇلاتلارغا ئوخشاش «ئېنىق باھا تاختىسى»نى ئېسىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بىز ئىختىساسلىقلارنىڭ تاۋار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئەركىن بازىرىدا مەلۇم «مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقى»غا ئېرىشكەن ۋاقىتتا، يەنە بىر يېڭى مەسىلىگە، يەنى «ئىختىساسلىقلارنىڭ باھا ئۆلچىمى» نى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىمىز. مېنىڭچە، بۇنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىدىن ئويلىشىشقا بولىدۇ:

1. ئىختىساسلىق خادىملارنى ئۇلارنىڭ ئوقۇش تارىخى، پەن ۋە ئۆگەنگەن كەسپىگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىش؛

2. ئوخشاشمىغان تۈردىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ۋاقتىغا باھا قويۇش؛

3. ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، يۇقىرى باھا بىلەن لەيلىمە باھانى يولغا قويۇش.

دېمەك، يۇقىرىقى تەدبىرلەر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ۋە ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىجابىي رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتتە ھەممە ئوقۇشنى قەدىرلەيدىغان، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ياخشى كەيپىياتنىڭ بارلىققا كېلىشىگىمۇ زور پايدىلىق. (02)

(قايىنام جاپپار فوتوسى)

(ئاپتور: شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

# سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتكەن جاسۇس



1986 - يىلىدىكى «ك گ ب فرانسىيىدە» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالىدە تۇنجى قېتىم سىرلىق بىر جاسۇسنىڭ ھېكايىسى بايان قىلىندى. 1990 - يىلى فرانسىيە جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ مەلۇم بىر مەسئۇلى «زۇلمەتتىن كەلگەن زىيارەتچى» دېگەن كىتابىدا ئۆزى قاناشقان ۋە كۆرگەن كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق بۇ ئادەمنىڭ ئۆتمۈشىنى تەسۋىرلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلانغىنىغا ئون يىل بولغانلىقىدەك بۇنداق ئالاھىدە كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئىسمى يەنە بەس - بەستە ئاخبارات ۋاستىلىرىدە پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ ئاجايىپ شەخس دەل ك گ ب نىڭ ئالىي دەرىجىلىك جاسۇسى پىتروۋ ئىدى.

1981 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى فرانسىيىنىڭ پارىژدىكى ھەيۋەتلىك ئېلىسى سارىيىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى گۈللۈكتە يېڭىدىن فرانسىيە زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان فرانسۇۋا مىتران داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، تەبرىكلەش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئارىلىقتا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى گاستون دېپىر ۋە دۆلەت زېمىنىنى نازارەت قىلىش - قوغداش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ماسسېرىش ئىككىسى ئالدىراشلىق بىلەن زۇڭتۇڭنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا پىچىرلاپ تۇرۇپ، ك گ ب نىڭ بىر نەپەر ئالىي دەرىجىلىك ئالاھىدە خادىمىنىڭ فرانسىيىنى زور تۈركۈمدىكى ئىنتايىن مۇھىم، قەتئىي مەخپىي ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلەش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

مىتران دەرھال كۆرسەتمە بېرىپ: «بۇ بەك مۇھىم ئىشلارغا چېتىلىدۇ، قىلچىلىك ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ. بۇنى بىلىدىغانلار بىز ئۈچەيلەن بىلەنلا چەكلەنسۇن» دېدى.

فرانسىيە ئاخبارات تارماقلىرىنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىمەكچى بولغان كىشى تامپسون ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچىسى جاك پىۋستون بولۇپ، ئۇنىڭ كونا ئاغىنىسى پىتروۋ ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە فرانسىيە ئاخبارات تارماقلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

پىتروۋ 1932 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى موسكۋادا تۇغۇلغان بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ك گ ب تەرىپىدىن

«مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىم» قاتارىدا ك گ ب تەرىپىدىن ئىنتـ
تايىن ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن ھەمدە 1965 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ
پايتەختى پارىژغا ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭ ئاشكارا سالاھىيىتى سوۋېت
ئىتتىپاقى سودا ئۆمىكىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇپ، مەخسۇس ئېـ
لېكترون مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىش ئورنىدە سۆھبەتلـ
شىشكە مەسئۇل ئىدى. پېتروف ك گ ب نىڭ بۇيرۇقى بويىچە
فرانسىيىنىڭ سانائەت تېخنىكىسى، ھەربىي تېخنىكىسىنى يىغىپ
توپلاش ۋە پۇل ئارقىلىق باشقىلارنى ئاخبارات خادىمى بولۇشقا قىـ
زىقتۇرۇش، تەربىيەلەپ قىلدۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. ئۇ ۋەزىپىنى نا-
ھايىتى ياخشى ئورۇنلىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى بۇ جاسۇسلۇق خادىمى ئاستا ـ ئاستا غەربـ
نىڭ مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش تەرىپىدىن چىرىشكە باشلاپ، پارىژ-
دىكى كەيپ ـ ساپالىق باياشات تۇرمۇشقا چەكسىز مەپتۇن بولۇپ
قالدى. پېتروفنىڭ فرانسىيەدىكى تۇرمۇشى دۆلەت ئىچىدىكى
تۇرمۇشىدىن كۆپ باياشات بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلە سەۋەبلىرىنىڭ بۇ
خىل تۇرمۇشتىن ئايرىلىشقا تېخىمۇ كۆزى قىيمايتتى. ئۇ پارىژنىڭ
مودا كىيىملىرى ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئەتىرلىرىگە چوڭقۇر ئىشـ
تىياق باغلىغان بولۇپ، بۇ ئىككى خىل نەرسىنى كۆرگەندە ئۆزىنى
تۇتۇۋالالمايتتى.

1970 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پېتروف بۇيرۇق بويىچە دۆلىتىگە قايتـ
ماقچى بولدى. بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى
ئىنتايىن غەش بولۇپ، ئامالسىزلىقتا بېشى بەك قېتىپ، بۇ يەردىكى
جەننەتتەك تۇرمۇشتىن تېخى قانغۇدەك بەھرىمەن بولالمىغانلىقىنى
ھېس قىلدى. ئەڭ ئاخىردا ئۇ ئائىلىسى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا دۆلـ
تىگە يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى پارىژدا ئون كۈن ئارتۇق تۇرۇۋالدى.
پېتروف بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تارتىدىغان زىيىنىنى تولدۇرماقچى
ئىدى.

پېتروف دۆلىتىگە قايتىپ كېتىلگەندىن كېيىن گەرچە ئىنتـ
تايىن مۇھىم تارماق ــ پەن ـ تېخنىكا ئاخباراتىغا مەسئۇل بولغان
باشقارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى
چېچىلىپ، پارىژدىكى بەش يىللىق «باياشات» تۇرمۇشنى ئۇنتۇ-
يالمىدى.

«مەن تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئېلىشنى كۈچلۈك
تەلەپ قىلىمەن.» پېتروف بىر قېتىم ئىختىيارسىز ھالدا رەھبەر-
لەرنىڭ ئالدىدا بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، پېتروف كۆ-
ڭۈلدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. ئەڭ ئاخىردا ئۇ قەتئىي نىيەتكە
كېلىپ، ك گ ب دىن ئۆچ ئېلىشنى قارار قىلدى.

1981 ـ يىلى ئەتىيازدا پېتروفنىڭ كاللىسىدىكى ئۇزاق يىللىق
خىياللىرى ئاخىر ۋولقاندەك پارتلاپ چىقتى. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئۇ
پىۋئستونغا خەت يېزىشقا باشلىدى.

1982 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى پېتروف بىلەن
فرانسىيىنىڭ ئالاھىدە خادىمى ئاۋاينى موسكۋادا ئۇچرىشىپ تېپـ
سىلىي پاراڭلاشتى. بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن ئاۋاينى
ئاساسىي جەھەتتىن پېتروفنىڭ ئىچكى سىرىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ
غەربكە ئۆزىنى ئېتىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىنىڭ ك گ ب نى
ئىچكى قىسىمدىن ۋەيران قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇ-
نىڭ بىلەن ئاۋاينى پارىژدىكى باش شتابقا مەخپىي دوكلات يوللىـ
غاندىن كېيىن، فرانسىيىلىكلەر پېتروفنىڭ سەمىمىيىتىگە ئىـ
شەندى. پېتروف ئالدى بىلەن فرانسىيەدىكى ۋاقىتتا يېتىشتۈرگەن
ئىككى نەپەر جاسۇسنى ئاشكارىلىدى. ئاندىن 15 دۆلەتكە تارقالغان ك
گ ب تەربىيىلىگەن 70 نەپەر شۇ يەرلىك ئالاھىدە خادىم ھەمدە 450
نەپەر غەربنە خىزمەت قىلىۋاتقان «چاشقان»لارنىڭ ئەھۋالىنى
ئاشكارىلىدى. فرانسىيىلىكلەر ئۇنىڭغا «فېۋىر» دېگەن ئىسمىنى
قويدى.

زوڭتوڭ مىتراننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، دۆلەت زېمىنى
خەۋپسىزلىك ئىدارىسى يىراقتىكى موسكۋادا ئىشلەۋاتقان «فېـ
ۋىر»غا مۇستەقىل قوماندانلىق قىلدى. فرانسىيىنىڭ سوۋېت ئىتـ
تىپاقى ئەلچىخانىسىدا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن ھەربىي ئەمەلدارى بادىك
فران بۇيرۇق بويىچە «فېۋىر» بىلەن ئالاقىلىشىدىغان رەسمىي ئا-
لاقىچى بولدى ۋە ئۇنىڭغا بىر دانە سۈرەت ئاپپاراتى بەردى. فران
كەسپىي جاسۇس بولمىغاچقا «فېۋىر» ئاساسلىق رول ئېلىپ، كۆ-
رۈشۈش ۋاقتى، ئورنى قاتارلىقلارنى ئۆزى بېكىتتى. چۈنكى ئۇ ك گ
ب نىڭ نازارىتىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئوبدان بىلەتتى.

«فېۋىر» تەمىنلىگەن ئاخباراتلار كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىـ
جىدە كۆپ بولۇپ، مەخپىيەتلىك دەرىجىسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى
ئىدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون ئاي ئىچىدە ئۇ تەمىنلىگەن
ھۆججەتلەر 3000 پارچىدىن ئېشىپ، كۈنىگە ئون پارچىدىن توغرا
كەلدى. بۇ ھۆججەتلەردە «قەتئىي مەخپىي» دېگەن بەلگىلەر بو-
لۇپ، قىممىتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇر-
غۇنلىرىدا ك گ ب نىڭ كاتىپىشى ئاندىروفنىڭ ئۆز قولى بىلەن

سالغان تەستىقى ۋە ئىمزاسى بولۇپ، بىر پارچە ھۆججەتتە ھەتتا سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى ۋە دۆلەت داھىيسى بولىنخارىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان تەستىقى بار ئىدى.

پېتروۋنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى جاسۇسلۇق تورلىرى قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى. پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات مەنبەلىرىمۇ ئېتىلىپ، سوۋېتلىكلەر ئامالسىز 100 ھەسسە، ھەتتا مىڭ ھەسسىلەپ ماددىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ئېلىپ باردى ۋە بۇ ئەڭ ئاخىردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىنىڭ خارابلىشىشىنى بىۋاسىتە تېزلەتكەن سەۋەب بولۇپ قالدى.

غەربتىكى ئاخبارات تارماقلىرى قىلچە يوشۇرمايلا: «فېۋىر» دېلوسى «ئىككى چوڭ بازىنىڭ ھوقۇق تەڭپۇڭلۇقىنى تېزدىن ئۆزگەرتىۋېتىشكە سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل، شۇنداقلا ئون يىلدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى» دەپ كۆرسەتتى.

1982 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى فرانسىيە ئاخبارات تارماقلىرىنىڭ «فېۋىر» بىلەن بولغان ئالاقىسى تۇيۇقسىزلا ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا پېتروۋ بىر جىنايى ئىشلار دېلوسىغا پېتىپ قالغان بولۇپ، 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەچتە پېتروۋ ماشىنا بىلەن ئاشنىسى لىيۇدمىلانى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش يولىدا تۇيۇقسىز پىچاق بىلەن لىيۇدمىلانى يارىلاندۇرغان ھەمدە بىر پېنسىيىگە چىققان ساقچىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن ۋە شۇ كۈنى كەچتە قولغا ئېلىنغانىدى.

پېتروۋ نېمىشقا لىيۇدمىلا بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدى؟ بۇنى ھېچكىم ئېنىق دەپ بېرەلمەيدۇ. بەزىلەر تەھلىل قىلىپ، ك گ ب پېتروۋ توغرىلىق بەزى نەرسىلەرنى سېزىپ قېلىپ، قەستەن چاتاق چىقىرىپ ئۇنى قامىغان دېيدۇ. پېتروۋ مەخسۇس. ك گ ب نىڭ خائىنلىرىنى قامايدىغان لېپورتوۋ تۈرمىسىگە قامالغان. 1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن 15 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

پېتروۋ قولغا ئېلىنىش بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش ھەرىكىتى توختاپ قالغان. 1983 ـ يىلى 4 ـ ئايدا فرانسىيە غەيرەتكە كېلىپ، بىر قېتىمدىلا 47 نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى «دىپلوماتى»نى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى ۋە بۇنىڭ ئىسپاتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن فرانسىيە نەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانىسىغا «فېۋىر» تەمىنلىگەن بىر پارچە ھۆججەتنى بەردى. بۇ قېتىم فرانسىيىلىكلەر ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنىدى.

دەسلەپتە سوۋېتلىكلەر پېتروۋنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزمىگەن، پەقەت ئۇنى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى دەپ قارىغان. فرانسىيىلىكلەر چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ھەرىكىتىنى باشلىغاندىلا ك گ ب ئاندىن «فېۋىر» نىڭ سىرىنى بايقىغانىدى.

بەزىلەر فرانسىيىنىڭ بۇ ھەرىكىتى «فېۋىر»نىڭ قىممىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، قەستەن ئاشكارىلاپ قويۇلغان دەپ قارىغان. چۈنكى، شۇ ئىشتىن كېيىن «فېۋىر» سىبىرىيىدىكى يىركوستا جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان بولۇپ، شۇ مەزگىلدە ئايالى ئارقىلىق فرانسىيە جاسۇسلۇق ئورگانلىرىغا خەت يېزىپ ياردەم تەلەپ قىلغان. ئومۇمەن، قەستەن قىلىنغان بولسۇن ياكى سەۋەنلىك بىلەن بولسۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغۇچىنى تەكشۈرىدىغان مۇھىم يىپ ئۇچىغا ئىگە بولغان. ئەلۋەتتە، مۇنداق ئېھتىماللىقنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. يەنى پېتروۋ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى چېتىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئېرىنى سېتىۋېتىپ، باشقىلارنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقان. يەنە بىر خىل پەرەزدە، ئېغىر يارىلانغان لىيۇدمىلا ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن پېتروۋنى ك گ ب غا چاققان دىگۈچىلەرمۇ بار.

1984 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوت مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار سوت كوللېگىيىسى ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. 1985 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پېتروۋ مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بىراق ئۇ ئۆلگىچىمۇ ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىپلا قالماي، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلىتىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان، شۇنداقلا داڭلىق شەخس بولۇشنى، 20 ـ ئەسىردىكى خەلقئارا جاسۇسلۇق سەھنىسىدە ئەڭ مۇھىم رول ئېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى پەقەت ك گ ب دىن ئۆچ ئېلىشلا بولۇپ، راستچىللىق بىلەن سىياسىي ۋەسىيەتنامىسىدە مۇنداق يازغانىدى: «بىردىنبىر ئەپسۇسلىنىدىغىنىم ك گ ب غا تېخىمۇ زور زىيان سالالمىدىم!» (06)

(«دۇنيا ھەربىي ئىشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىكى جالالىدىن ئىمىن. ت)

# بىزنىڭ كويىدا، ئۇلارچۇ

هامۇت راخمان

ياشلىق — ئىنسان
هاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل
پەسلى. هاياتتىكى يۈكسەك
ئارزۇ - ئارمانلار، بۈيۈك پى-
لان - تىسەۋۋۇرلار، ياش-
لىقتىن ئىبارەت بۇ شەۋ-
كەتلىك پەسىلدىكى جاپا-
لىق مېھنەت، مۇستەھكەم
ئىراده ۋە كۈچلۈك ئېتىقادنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمەلگە ئا-
شىدۇ. كىمكى ياشلىقتىن ئىبارەت بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت-
نى، رەڭگارەڭ چىراغلار ئارىسىدا پەيز قىلىشقا، ئاتا - ئا-
نىسىنىڭ قان - تەر ئەجرىگە كەلگەن هالال پۇللارنى
بۇزۇپ - چېچىپ، ۋاقىتنى ئويناشقا سەرپ قىلىدىكەن،
ئۇ چوقۇم كەلگۈسىدە خارلىنىپ قالىدۇ. ياشلىق مەزگى-
لىدە ياشلارغا توغرا ياكى خاتا هالدا بىۋاستە تەسىر
كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىدىغىنى
ئىقتىسادتۇر. ئىقتىساد ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە
جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىۋا-
ستە باغلىنىشلىق بولۇپ، هازىرقى ياشلارنىڭ ئىقتى-
سادنى ئىستېمال قىلىشىدا ئوخشاش بولمىغان هالدا رو-
شەن پەرىخىك توسالغۇ ۋە ناتوغرا دۇنيا قاراشلار مەۋجۇت.
هېس قىلىشىمىزچە بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:
بىرىنچىدىن، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش. بىر قى-
سىم ياشلىرىمىز ئائىلىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي
ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، جەمئىيەت ئېقىمىغا ماس-
لىشىشنىڭ كويىدا سورۇن قوغلىشىپ ئەيش - ئىشرەت-
كە، راھەت - پاراغەتكە ۋە كەيىپ - ساپاغا بېرىلمەكتە.
ئىككىنچىدىن، شۆھرەتپەرەسلىك. كىشىلەر ئىس-
تېمال سەۋىيىسىنىڭ بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە
ئەگىشىپ، بەزى ياشلىرىمىزدا شۆھرەتپەرەسلىك پىسى-
خىكىسى رېئال روھىي دۇنياسىغا ماس كەلمىگەن هالدا
كۈچىيىپ بارماقتا.
ئۈچىنچىدىن، پۇلپەرەسلىك. بىزدە پۇلپەرەسلىك
خاھىشى تولىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، بەزىلەر پۇل ھەممىگە
قادىر، پۇل بولسىلا شەيتانىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالغىلى بولىدۇ
دەپ قاراپ، يالغان سۆزلەرنى توقۇپ ئاتا - ئانىسىنى ئال-
داشقا رازىكى، ھەرگىزمۇ
ھەپتە - ئون كۈن پۇل-
سىز يۈرۈشنى خالىمايدۇ.
شۇنىڭ بىلەن، بەزىلەر
پۇلنىڭ ئارقىسىدىن
چېپىپ جىنايەت ئۆت-
كۈزمەكتە.
تۆتىنچىدىن، مودى-
چىلىق. ياشلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا مودا قوغلىشىشتىن ئى-
بارەت يېڭى جانلىنىش دەۋرى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان،
بىرسى «شىمنىڭ ئايىغىنى يىرتىپ كىيىش مودا بوپتۇ»
دېسە، ھەممىسى بەس - بەس بىلەن شىمنىڭ ئايىغىنى
يىرتىدىغان بىر خىل ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. بىرەرسى
يېڭىچە پاسوندا بىر قۇر كىيىم كىيسە، باشقىلاردىن قەرز
ئېلىپ بولسىمۇ شۇ خىلدا بىرەر قۇر كىيىم كىيمىسە
بەزى قىز - يىگىتلىرىمىزنىڭ كۆڭلى ئارام تاپالمايدۇ.
مەن قانداق ئادەم؟ نېمە ئىش قىلماقچى؟ باشقىلارچۇ؟
دېگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.
بۇ هالنى ھەممىمىز بىلىمىز، كۆرىمىز ۋە بەزىلىرى-
مىز شۇنداقلا قىلىپ تۇرىمىز. لېكىن ئۆزىمىزنى ئېتىراپ
قىلمايمىز. ھە دېسىلا ئېگىز شاخقا قول سوزۇپ، ئەترا-
پىمىزدىكى ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى كۆزگە
ئىلمايمىز. بۇلارنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بەزىلىرىمىزدە
ساقلىنىۋاتقان بوشاڭلىق ۋە دورامچىلىق.
ئوقۇغۇچى، ئاددىي، لېكىن تولىمۇ ئۇلۇغ ئىنساندۇر.
ئۇلار جەمئىيەتنى، دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇلار كەلگۈسى-
دىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىملار، داڭلىق يازغۇچى، ئە-
دىبلەر ۋە ئاجايىپ تەتقىقاتچىلارنىڭ خام ئەشياسىدۇر.
ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن داڭلىق تەت-
قىقاتچى، ئالىملار، ئۇلۇغ يازغۇچى، شائىرلار ئەنە شۇلار-
نىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭا، ئوقۇغۇچى ئوقۇش، بىلىم ئې-
لىشنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشى كېرەككى،
ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىنى قەدىرلەپ، ئىلىم قۇرۇلمىسىنى
زورايتىشى زۆرۈر. (02)
(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدە-
بىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)



# چامسالدىن تېپىلغان تەسۋىرىي رەسىملەر

—— ئابلىز مۇھەممەد سايرامى ——

1983 ـ يىلى چامسال كەنتىدىكى دېھقانلار توپا كولاۋېتىپ، شۇ جايدىن بىر جەسەت ساندۇقىنى بايقىغان ھەمدە ئالاقىدار ئورۇنلارغا مەلۇم قىلغان.

بۇ جاي يەكەن ناھىيىسى كاچۇڭ يېزىسىنىڭ 11 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى چامسال كەنتى بولۇپ، جەسەت ساندۇقى قويۇلغان جاينىڭ جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 09″08′47°76 گە، شىمالىي پاراللېل ″29′54°37 قا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1530 مېتىر.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ جايدا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي ئۈچ جەسەت ساندۇقىنى تاپتى. بۇلاردىن 1 ـ ۋە 2 ـ نومۇرلۇق جەسەت ساندۇقى رەڭلىك بولۇپ، ئۇلارغا ناھايىتى نەپىس تەسۋىرىي رەسىملەر سىزىلغان. بىراق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ھەم تەبىئەتنىڭ چىرىتىشى بىلەن پەقەت 2 ـ نومۇرلۇق جەسەت ساندۇقىدىكىلا رەسىملىرى ئاران ساقلىنىپ قالغان.

2 ـ نومۇرلۇق جەسەت ساندۇقى (نومۇرى 83SKQM2) نىڭ قەبرە ئورنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.72 مېتىر، كەڭلىكى 0.89 — 1.0 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.3 مېتىر، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.78 مېتىر، كەڭلىكى 0.54 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.56 مېتىر بولۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان، يەلپۈگۈچ شەكلىدىكى ساندۇق ياپقۇچىنىڭ ئىككى ئۇچىغا (يەنى جەسەتنىڭ بېشى ۋە ئايىغى تەرىپىگە) ۋە ئاستىغا كۆركەم تەسۋىرىي رەسىملەر سىزىلغان.

**1. يولۋاس نىقابىدىكى رەسىم:** جەسەت ساندۇقىنىڭ ئېغىز ياپقۇچىغا سىزىلغان بۇ ھەيۋەتلىك يولۋاس خۇددى ئادەمدەكلا ئۆرە تۇرۇپ، ئىككى قولىنى بېشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ ئىچىگە ئېگىپ ئۇسسۇل ئوينىغان ھالەتتە تۇرغان، ئىككى پۇتى تۈز دەسسەپ، قۇيرۇقى چاتىرىقى ئارىلىقىدىن يەرگە ساڭگىلىغان، پۈتۈن بەدىنىنى يۇڭ قاپلىغان. يۈزى ئادەم سىياقىدا بولۇپ، بۇرنىنىڭ ئاستىنى يۇڭ بېسىپ كەتكەن. پېشانىسىگە قانداقتۇر بىرنەرسە سىزىلغان، ئىچىگە يۇلتۇزدەك چېكىتلەر سىزىلغان. بىر قاراشقا ئۇنىڭ يولۋاس سىياقىدا نىقابلىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ماھىر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردە، غەربىي دىياردا سۇمۇز ئويۇنى دەپ ئاتىلىدىغان نىقابلىق ئويۇننىڭ روناق تاپقانلىقى،

يېڭى يىل، ئايەملەردە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ ئاممىۋى پائالىيەتتە كىشىلەر شىر، يولۋاس، مايمۇن نىقابىدا ياسىنىپ قىزىقارلىق تاماشا كۆرسىتىدىغانلىقى تەكرار قەيت قىلىنغان. دېمەك، بۇ رەسىمدە تەسۋىرلەنگەن يولۋاس نىقابىدىكى ئۇسسۇلچى دەل ئاشۇ تارىخىي بايرام سۇمۇز ئويۇنىنىڭ ئەينى زاماندىكى تارىخىي تەسۋىرى بولسا كېرەك. چۈنكى، قەدىمكى يەكەن خانلىقى ئاھالىسى ئىچىدە سۇمۇز ئويۇنىنىڭ خېلى كەڭرى ئەۋج ئالغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر بار.

**2. راھىبنىڭ نوم تەپسىر قىلىش رەسىمى:** مېھراب شەكلىدىكى تۆۋرۈكلۈك پېشايۋان سۇپىسىدا كاسايا (راھىبلارنىڭ ئوڭ قولىنى سىرتقا چىقىرىپ قويۇپ كىيىۋالىدىغان ئۇزۇن چاپىنى) كىيىپ ئولتۇرغان راھىب بىر قولىدا تەسۋى سىيرىپ، بىر قولىدا بىرنەرسىنى ئىشارەت قىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نوم تەپسىر قىلىۋاتقان، ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان كىچىك ئىككى بالا راھىب زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىم ناھايىتى ئوخشىتىپ سىزىلغان. راھىب ئولتۇرغان پېشايۋاننىڭ سۇپىسى، تۆۋرۈكى، تورۇسى خىلمۇ-خىل نەقىش-بېزەكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. بىر قاراشقىلا خۇددى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان بۇددا ئەۋلىيالىرىنىڭ قەسىر-دەرگاھىدەك ھەيۋەتلىك ھەم سىرلىق بولۇپ، ھەققىي بۇددىزم راھىبلىرىنىڭ تەپسىرخانىلىرىغا تەقلىد قىلىنىپ خىيالىي سىزىلغان.

**3. ئەجدىھا ئاغزىدا ئولتۇرغان راھىب رەسىمى:** جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تىك شىلىمغا سىزىلغان بۇ رەسىمدە، تۆت تەرىپى ھەر خىل گۈل-نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئوتتۇرىسى خۇددى كىنو ئېكرانىدەك ئاق قالدۇرۇلغان بىر كۆرۈنۈش چىقىرىلغان، ئاندىن ئاق قالدۇرۇلغان جايغا غەزەپ بىلەن نەرە تارتىپ ئاغزى ناھايىتى يوغان ئېچىلغان، قورقۇنچلۇق كۆزلىرى چەكچىيگەن، بويىنى ۋە گەجگىسىدىكى تۈكلىرى ھۈرپەيگەن ناھايىتى ۋەھشىي قىياپەتتىكى بىر ئەجدىھا سىزىلغان. يوغان ئېچىلغان ئاغزىنىڭ تۆۋەنكى تاڭلىيىدا كاسايا كىيىۋالغان، پۈتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ تەپسىر ئېيتىپ بۇددا ئىلاھى ساكيامونىدىن مەدەت تىلەۋاتقان راھىب قىياپىتىدىكى بىر ئادەم ئەجدىھا ئاغزى ئىچىدە ئولتۇرغان ھالەت تەسۋىرلەنگەن.

ئەجدىھا ۋە راھىبنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى تەرىپىگە يۇملاق چەمبەرسىمان ھالقىلار سىزىلغان، ئەجدىھانىڭ يايلى ئۇزۇن، تۇمشۇقى يوغان، تىلى كالپۇكىدىن ئۇزۇن چىققان بولۇپ، خۇددى كېلىدىن بىرنەرسە پۇرقۇپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

يۇقىرىدىكى 1-رەسىم غەربىي دىيار ئاھالىسى قەدىمدە ئويناپ ئۆتكەن سۇمۇز ئويۇنلىرىنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇ كۇچادىكى سۇ بېشى خارابىسىدىن تېپىلغان جەسەت كۈلى قۇتىسىدىكى دراما خاراكتېرىنى ئالغان سۇمۇز ئويۇنلىرى بىلەن يىلتىزداش ھەم مەنبەداش. ئۇ يىراق قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى قاتلىمىدا ساقلىنىپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن دراما، تىياتىر ھەم ھەزىلكەشلىك ئويۇنلىرىغا سىڭىشىپ كەتكەن (ئەمما بۇ ئويۇن مىڭ يىللاردىن بۇيان ياپونىيە، بېرما ۋە سىرىلانكا قاتارلىق ئەللەردە قىسمەن شەكىل ۋە مەزمۇن ئۆزگىرىش قىلغان ھالدا ھازىرغىچە داۋام ئەتمەكتە) ۋە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

2-ۋە 3-رەسىملەر بۇددا دىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قەدىمكى يەكەن بۇددا رەسساملىرى تەرىپىدىن سىزىلغان، بەلكى بۇددا كالاملىرىنىڭ مەلۇم بىر مەزمۇننى خىيالىي تەسەۋۋۇر بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇپ، بۇددىزم مەزمۇنىنى سۈرەتلىك تەرغىب قىلىش مەقسەت قىلىنغان. قەدىمكى يەكەن ئاھالىلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە بۇددانى ئەينى دۇنيادىكى گۈزەللىك، پاكلىق، ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئالىي سىمۋولى دەپ تونۇغان چاغلىرىدا بۇ دىننى ۋەقەلىكلەشتۈرگەن، سۈرەتلەشتۈرگەن، ئوبرازلاشتۇرغان ھەم شېئىرىي-رىۋايەتلەشتۈرگەن بولۇپ، يۇقىرىدىكى رەسىملەر دەل شۇ زاماننىڭ ئەينەن تارىخىي تەسەۋۋۇرىدۇر.

يۇقىرىدىكىلەر قەدىمكى رەسىمچىلىك سەنئىتىنى ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماددىي پاكىتلىق بۇيۇملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق، پاكىتلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش لازىم.(06)

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ماتېرىياللىرى باشقارمىسىدا)

# مۇھەببەت ۋە نىكاھ ياشلارنىڭ ئەركىنلىكى

—— نۇرۇللا ئېلى ——

دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىدا قۇرامىغا يەتكەن ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئۆزئارا مۇھەببەت باغلاپ، نىكاھلىنىش ھوقۇقى قوغدىلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار قىزىم ياكى ئوغلۇمنى بەختلىك قىلىمەن دەپ، ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى سىناپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ توي قىلىدىغان نىكاھ ئىشلىرىغا قوشۇلماي، پۇل، مەرتىۋە قوغلىشىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا توسالغۇلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى ئازابلىماقتا. نەتىجىدە، بىر قىسىم ئوغۇل ـ قىزلار ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ جىنايەت يولىغا مېڭىش، ھەتتا ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمەكتە. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل بۇرۇن × × ناھىيىدىكى مەلۇم بىر ئورۇندا × × نىڭ قىزى × × ئىسىملىك بىر ياش بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلماقچى بولغاندا، ئۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارشىلىقى بىلەن قاتتىق ئازار يېگەنلىكتىن روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ، خىزمەتكە ئېغىر تەسىر يەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز بىر تەرەپتىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھاقارەتلىك سۆزلىرىدىن ئازابلىنىپ ئاخىر ئۆلۈۋېلىش يولىنى تالالاپ، يەر ئاستى ئۆيگە كىرىپ زەھەرلىك دورا ئىچىۋېلىپ ئۆلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، بىر ئايال ئۆز ئوغلىنىڭ توي قىلىش ھەم مۇھەببەت ئىشىغا ئارىلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ سۆيگەن قىزىنى يامان كۆرگەنلىكىدىن بۇ ئوغۇل ئاخىر يولدىن چىقىپ جىنايەت يولىغا مېڭىپ، قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىش، زەھەر چېكىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، قانۇننىڭ 15 يىللىق قاماق جازاسىغا قالغان. مانا بۇ ئەھۋاللار بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەسلىك، مۇھەببەت ـ نىكاھ ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئەھۋالىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت.

يېقىندا، يەنە بىرمىلەتنىڭ قىزى ئۆزى بىلەن مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بىر يىگىت بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ ئاتا ـ ئانىسىغا ئىلتىماس قىلغاندا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى سەن بىر × × نى تاللاپسەن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلمايمىز. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ھەم پۇلى بار بايلار بىلەن تويلىشىمەن دەپ قىزنى قاتتىق تىللاپ ھاقارەتلەش بىلەن ئۆز قىزىغا داۋاملىق سوغۇق قاراپ، ئۇزاق ۋاقىت روھىغا ئازار بەرگەن. ھازىر بۇ قىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىي بېسىمى تۈپەيلى ئۆز خىزمىتىگىمۇ تەسىر يەتكۈزۈش بىلەن ھايات ـ مامات ئوتتۇرىسىدا قايغۇرۇپ قالغاندا، بەزى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر توغرا نەسىھەت قىلىپ، بۇ قىزنى ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن قايتۇرغان. بۇنداق ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كەلسەك، ھەرقايسى جايلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا، بەزى ئاتا ـ ئانىلار نام ـ ئابرۇينى قوغلىشىپ بالىلارنىڭ نىكاھ، توي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىپ ئۇلارنى ئازابلىماستىن، ئۇلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى قوغدىشى، ئۇلارغا يېقىندىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا بولغان مېھىر ـ شەپقىتىنى كۆرسىتىشى كېرەك. ھەممە ئاتا ـ ئانىلار ئۆز بالىلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئويلايدۇ. لېكىن ياشلارنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ ئىشىغا ئارىلىشىۋالسا، بۇنىڭغا قانۇن يول قويمايدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىلارنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي بەختلىك بولۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.(09)

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۆمۈر سۇغۇرتا شىركىتىدە)

# ئىنگلىز تىلىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچە سۆزلىمەيدۇ. ئەنگلىيىدىكى شوتلاندىيىلىكلەر، ئىرېلاندىيىلىكلەر، ۋېلشلىقلارنىڭ سۆزلەيدىغىنى بولسا كېلت تىلى. دائىم ئىنگلىزچە سۆزلىمەيدىغانلار ئەنگلىيە نوپۇسىنىڭ $\frac{1}{4}$ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئائىلىدە ئۆزىنىڭ كېلت تىلىنى، ئىشىكتىن چىققاندىن كېيىن ئىنگلىز تىلىنى ئىشلىتىدۇ.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئىنگلىزچە سۆزلىمەيدۇ، بۇلار، ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ $\frac{1}{4}$ ىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە 17 مىليون كىشى ئىسپان تىلىنى، 1 مىليون 700 مىڭ كىشى فرانسۇز تىلىنى، 1 مىليون 500 مىڭ كىشى گېرمان (نېمىس) تىلىنى، 1 مىليون 200 مىڭ كىشى خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىدۇ. قالغان 40% كىشى بولسا ئىنگلىز تىلىنى راۋان سۆزلىيەلمەيدۇ، بەلكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئىنتايىن ناچار.

ئىنگلىزلار ئەسلىدە گېرمانىيە، ئەنگلىيىنىڭ ئاساسلىق مىللىتى ئانگلولار بولۇپ، بۇلار ھازىرقى گېرمانىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى Angle (ئويمانلىق) دېگەن جايدا ئولتۇراقلاشقانىكەن. كېيىن بۇ جايدىكى ئادەملەرنى Angle(ئويمانلىق ئادىمى)، ئۇلار قوللانغان تىلنى بولسا Englise (ئويمان تىلى) دەپ ئاتىغان. 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئانگلولار، ساكسونلار دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ ئەنگلىيىگە كەلگەن. شۇنداق قىلىپ ئىنگلىزلار پەيدا بولغان. 1066 ـ يىلىغا كەلگەندە فرانسىيە نورماندىيىدىكى كىشىلەر جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ كېڭىيىپ، نورماندىيە قۇرۇۋقلۇقىنى پەيدا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە يەنە فرانسۇز تىلىنىڭمۇ ماكانى بولۇپ قالغان. 1399 ـ يىللىرى ئەنگلىيىدە پادىشاھ بولغان ھېنرى IV لوندون شېۋىسىنى ئەدەبىي تىل قىلىپ بېكىتكەن. شېكىسپىر دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغانلار 5 مىليوندىن ئاشمىغان.

ھازىر دۇنيادا قوللانغان ئادەم سانى 100 مىليوندىن ئاشىدىغان تىلدىن 12 سى بولۇپ، بىرىنچىسى خەنزۇ تىلى، ئىككىنچىسى ئىنگلىز تىلى (تەخمىنەن 900 مىليون ئادەم ئىشلىتىدۇ). ئادەم سانى گەرچە خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدىغانلارغا يەتمىسىمۇ، لېكىن قوللىنىش دائىرىسى خەنزۇ تىلىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. ئىنگلىز تىلى ئانا تىلى بولغان كىشىلەر 400 مىليونغىمۇ يەتمەيدۇ. ئىنگلىز تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللانغان دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 1 مىليارد 100 مىليونغا يېتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئالدىن پەرەز قىلىشىچە، 2020 ـ يىلىغا بارغاندا دۇنيادىكى 80% ئادەم ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيدىغان بولىدىكەن. يەنە بەزىلەر: «مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، دۇنيادىكى تىلنىڭ يېرىمى، ھەتتا 90% ى يوقىلىشى مۇمكىن» دېيىشمەكتە.

ئۇنداقتا، ئىنگلىز تىلى راستىنلا زور ھاسىلاتلىق تىلمۇ؟ قانچىلىك تىلنىڭ يوقىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بارغانسېرى كۆپ كىشىلەر ھەر خىل تىلنى ئىگىلەپ بارماقتا، ئافرىقا قىتئەسىدە مائارىپ تەربىيىسىنى ئاز كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بىرنەچچە خىل تىلنى ئارىلاشتۇرۇپ تەڭ قوللىنالىشى ناھايىتى ئادەتتىكى ئىش ئىكەن. تېخىمۇ قىزىق بولغىنى شۇكى، ئىنگلىز تىلى ئانا تىلى بولغان كىشىلەرنىڭ باشقا تىلنى ئىشلىتىش (قوللىنىش) قابىلىيىتى ئەڭ ناچار بولىدىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىنگلىز تىلىنىڭ غەلىبىسى باشقا تىللارنى ۋەيران قىلىش بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىنگلىز تىلىنى ئانا تىل قىلغان كىشىلەر باشقىلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى بىلىشتىن، ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنگلىز تىلىنىڭ غەلىبىسى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان غەلىبە. (09)

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2000 ـ يىللىق ئىجتىمائىي پەن سىنىپىدىن ئايشەم قادىر. ت)

# ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزەرىدىكى پۇل

ئامېرىكا يازغۇچىسى بروئوكس يېقىندا «ئامېرىكىلىقلار نېمىشقا باي» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىلىقلاردىكى پۇل قارىشى توغرىلىق ئۆز باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئامېرىكىلىقلار باي. ئامېرىكىلىقلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 42 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. ئەگەر سىز تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن بولسىڭىز، كىرىمىڭىز 71 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىشى مۇمكىن. ئەگەر ماگىستىردىن يۇقىرى ئۇنۋانىڭىز بولسا، يىللىق كىرىمىڭىز 100 مىڭ دوللارغا يېتىشى مۇمكىن، ستاتىستىكىدىن مەلۇمكى، بىر ئادەمنىڭ يىللىق كىرىمى 75 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشسىلا، ئۇ دۇنيادىكى باشقا 99% ئادەمدىن يۇقىرى تۇرمۇش كاپالىتىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئامېرىكىدا ھازىر مىليونېرلار 7 مىليوندىن ئاشىدۇ. بىراق سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئامېرىكا كاپىتالىستلىرىنىڭ بايلىق دەرىجىسى تېخىمۇ تېپىكلىككە ئىگە. بىر ئەۋلادتىلا ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 1500 كۋادرات ئىنگلىز چىسىدىن كېڭىيىپ، 2200 كۋادرات ئىنگلىز چىسىغا يېتىدۇ. ئامېرىكا ئائىلىلىرىنىڭ ھەر يىلى ئاشخانىلاردا تاماقلىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان خىراجىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000 ئامېرىكا دوللىرى، پۈتۈن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھويلا ـ ئارامدىكى گۈللۈكلەرنى تۈزەش، تەكشىلەش ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجىتى 40 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ھىندىستاندىن ئىبارەت بۇ دۆلەتنىڭ پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي باج كىرىمى بىلەن تەڭ. ئامېرىكىدا ئون نەچچە ياشلىق بالىلار ئىستېمال جەريانىدا ئامانەت كارتوچكىسى ئىشلىتىدۇ؛ ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ئۆزى بېقىۋاتقان ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى قەرەللىك ھالدا ئەتىۋارلىق ھايۋانلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ تۇرۇشىمۇ ئادەتتىكىلا بىر ئىش.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ بايلىقىنى ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە تۆلىگەن بەدىلىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ 6% نى ئىگىلەيدۇ، بىراق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 30% نى ئىگىلەيدۇ. ئامېرىكا ئىشچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى دۇنيا بويىچە بىرىنچى بولۇپ، ئەنگلىيىلىك ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىدىن 1/3 ھەسسە يۇقىرى. ئامېرىكىدا خىزمەتچىلەر قاتلىمىدىكىلەر باي بولسىمۇ، بىراق تۇرمۇشى ئانچە ئازادىلىك ئىچىدە ئۆتمەيدۇ. بىرقانچە كۈنلۈك دەم ئېلىشتا سىرتلارغا چىققاندىمۇ دائىم يېنىدا خاتىرە كومپيۇتېرنى ئېلىۋېلىپ خىزمەت قىلىشى بەلكىم تەسەۋۋۇرىڭىزغا سىغمايدىغاندۇ. ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكىدىكى يۇقىرى قاتلام خىزمەتچىلەرنىڭ ھەر ھەپتىدە 50 سائەتتىن ئارتۇق ئىشلەيدىغانلىرى 1985 ـ يىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1/3 ھەسسە ئۆسكەن. ئادەتتە، ئامېرىكىدا يۇقىرى كىرىملىكلەرنىڭ خىزمەت قىلغان

ۋاقتى تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ پۇل قارىشى ناھايىتى تەبىئىي بولۇپ، ئۇلار پۇلغا ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، لېكىن بۇ پەقەت ئابستراكت مەنىدىلا ئېيتىلغان بولۇپ، پۇلنى قابىلىيەت، مۇۋەپپەقىيەت، كۈچنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ؛ ئادەتتە ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئېرىشكەن، خەجلىگەن پۇللار بىلەن ئانچە بەك ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ. ئامېرىكىلىقلار قوغداشتىن، يىغىشتىن ئېرىشكەن پۇللارنى ياقتۇرمايدۇ. بەلكى يۇقىرى ئىستېمال، ھالقىما ئىستېمال، قەرز ئىستېمالىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئامېرىكىلىقلار كەلگۈسىدە پۇلغا ئېرىشەلىشىگە، بولۇپمۇ نۇرغۇن پۇلغا ئىگە بولۇشقا نىسبەتەن ئۈمىدۋارلىق پۇرسىتىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا بىر مۇنبەت تۇپراق، 200 نەچچە يىللىق باي دۆلەتلىك تارىخى بار. نۆۋەتتىمۇ يەنىلا گۈللەپ ياشناش دەۋرىدە تۇرماقتا؛ ئامېرىكا يەنە پۇرسەت بىلەن تولغان زېمىن، ھەربىر ئادەمنىڭ ئورنى ۋە تۇرمۇشى ئۆزگەرمەس ئەمەس، ئۇلارچە ھەممە ئادەم مىليونېرلاردىن بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىكەن. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭىز ۋە قابىلىيىتىڭىز ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىشىڭىزمۇ، بىر قېتىملىق خىزمەت تاللاش، بىرەر توي ئىشى، بىرەر قېتىملىق مۇكاپاتلىق چەك تارتىش قاتارلىق تاسادىپىي پۇرسەتلەر ئارقىلىق تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىزمۇ مۇمكىن ئىكەن. بۇ خىل ئۈمىدۋارلىق، ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش پوزىتسىيىسى ھەتتا يىللىق كىرىمى 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان تۆۋەن كىرىملىك ئامېرىكىلىقلارغىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە ئاگاھلىق ياكى ئاگاھسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ بايلىق ئورنىنى يۇقىرى چاغلاشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ستاتىستىكىلاردىن مەلۇمكى، ئامېرىكىلىقلار ئىستېمالنى ياخشى كۆرىدۇ دېگىنىمىزدە، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىستېمال شەكلى ساغلام بولغان بولىدۇ. ئۇن يىل ئاۋۋالقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالىي دەرىجىلىك ئائىلە جابدۇقلىرى ۋە تاماكىغا خەجلەيدىغان پۇلى تۆۋەنلەپ، مائارىپ، ھېسابلاش ماشىنىسى، تۇرالغۇ ئۆي، قاتناشقا چىقىم قىلغان پۇلى ئۆرلىگەن. دۇنيادىكى باشقا دۆلەت كىشىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكىلىقلار خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ، ھەربىر قۇرامىغا يەتكەن ئادەمنىڭ ھەر يىلى بۇ جەھەتلەردىكى چىقىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1097 ئامېرىكا دوللىرى ئىكەن.

ئەلۋەتتە، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۈمىدۋارلىق، ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئىستېمالنى ياخشى كۆرۈشتەك پۇل قارىشى بەزىبىر مەسىلىلەرنىمۇ پەيدا قىلدى: بەزىلەر قارىغۇلارچە ئىستېمالنى قوغلىشىپ، خەجلىگىنى يىغىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىپ، نەتىجىدە گەدەنگىچە قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان؛ ئامېرىكىدا نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلار سانى ئىزچىل يۇقىرى ھالەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭدىكى بىر سەۋەب، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭىچە باي بولۇش پۇرسىتى ئىزدىگەنلىكىدە؛ يەنە نۇرغۇن كىشىلەر باي بولۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي، زەھەر ئەتكەسچىلىكى ۋە باشقا جىنايەت يوللىرىنى تاللىۋالماقتا. (09)

(ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى كۈتۈپخانىسىدىن قۇربانىسا ئابلىمىت. ت)

# ئالتۇنخور چۈمۈلە

**تاڭ گوخۇي**

تەكلىماكاننىڭ كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى بىردىنبىر ئاددىي تاشيولدا يېڭىلا ئىپلىق توڭلاتقۇلۇق ئاپتوموبىل قىينىلىپ يول يۈرۈۋاتاتتى.

بۇ ئاپتوموبىل نېفىت مىنىستىرلىقى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى قارمىقىدىكى بىر قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىگە لازىمەتلىك يەتكۈزۈپ بەرگىلى كېتىۋاتاتتى. بۇ ئەترەت تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئۇدا جەڭ قىلىش ئارقىلىق، زاپىسى ئىنتايىن مول بولغان بىر نېفىت، گاز كانىنى تەكشۈرۈپ تاپقان بولۇپ، ھازىر ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى سانلىق مەلۇماتلار ستاتىستىكىسى ۋە كان جىنسلىرى ئەۋرىشكىسىنى يىغىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى.

توڭلاتقۇلۇق ئاپتوموبىل ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقتى.

شوپۇر ليۇ خەي پۈتۈن زېھنى بىلەن رول باشقۇرۇۋاتاتتى، كەينى رەتتە ئولتۇرغان جېك خېپىڭ ئورۇندۇقتا يۆلەنگىنىچە ئارام ئېلىۋاتاتتى، قۇملۇقتىكى ئۇدا جىددىي خىزمەت ئۇلارنى قاتتىق چارچاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ تاپتا پۇت - قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ قانغۇچە راسا بىر ئۇخلىۋالغۇسى بار ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان لاۋگاۋ بېشىنى ئاپتوموبىل دېرىزىسىدىن چىقىرىپ، ئاجايىپ - غارايىپ سىرلارغا تويۇنغان بۇ قۇملۇقنى زور قىزىقىش ئىلكىدە رەسىمگە تارتىۋاتاتتى.

توساتتىن، لاۋگاۋنىڭ كۆزى ئاپتوموبىلنىڭ كەينىدىن جادۇ قىلغاندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان، ئالدىغا ئۈچرىغاننىڭ بارىنى يالماپ - يۇتۇپ كېلىۋاتقان زور قويۇننى چېلىقتۇردى. ئۇ ئۆزىنى ئاپتوموبىلنىڭ ئىچىگە تاشلاپ، كۆرگەنلىرىنى ھەمراھلىرىغا ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنى دىققەت قىلىشقا ئۈندەي دەپ تۇرۇشىغا، ئاپتوموبىل بىردىنلا زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئاللىنېمىلەرنىڭ ئاپتوموبىلغا سوقۇلغان دىنىراس - تۇرۇس ئاۋازى ئىچىدە، ئاپتوموبىل شاققىدە كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا لەيلەپ ئاندىن تاراڭلاپ يەرگە چۈشتى. قويۇن بېسىلىپ، ئاپتوموبىلدىكى ئۈچەيلەن ئەس - ھوشىغا كەلدى ۋە بۇزۇلغان ئىشكنى مىڭ تەستە ئېچىپ، ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى. ئاپتوموبىل يولدا ئەمەس، نامەلۇم بىر قۇم بارخىنىنىڭ چوققىسىدا قۇمغا يېرىم پېتىپ قالغانىدى، ئەتراپتا نە تاشيول، نە بىر بەلگە كۆرۈنمەيتتى. ئېغىر چاتاق بولغىنى شۇكى، ئاپتوموبىلنىڭ ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىرىۋەتكەنىدى.

— تاس قالدۇقتە، — دېدى جېك خېپىڭ قورقۇنچىنى تەستە بېسىپ، — ھېلىمۇ ئاپتوموبىلىمىزدا جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئېقتىدارىغا ئىگە زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بار ئىكەن، بولمىسا... — ئۇ لاۋگاۋنىڭ قوشۇمىلىرى چىڭ تۈرۈلگەن جىددىي چىرايىغا قاراپ دېمەكچى بولغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

جاھاننى بارا - بارا قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى. شوپۇر ليۇ خەي كەچ كىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ يول ئىزدەپ بېقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ئالدىرىماڭلار، — دېدى لاۋگاۋ جىددىي تەرىزدە مىڭىشقا ھازىرلانغان ئىككىيلەننى توسۇپ، — بۇ يەردىن ھېچكىمنىڭ يېرىم چامدام نېرىغا ئۆتۈشىگە رۇخسەت يوق، نەرسە - كېرەكلەرنى تېز يىغىشتۇرۇپ، دەرھال ئاپتوموبىلغا قايتايلى.

ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاپتوموبىلغا ئەمدى تاشلاپ تۇرۇشىغا، ئاسماندا سالقىن نۇر چېچىپ ئاي كۆتۈرۈلدى. شۇ چاغدا ليۇخەي يېقىنلا جايدىكى چانقاللىقتا ئاللىنېمىلەرنىڭ ياپېيشىل نۇر چاقنىتىپ قىمىرلاپ يۈرگىنىنى چېلىقتۇردى.

— ھۇ، ھۇ، ھۇ!

ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈپ دەھشەتكە سالىدىغان قورقۇنچلۇق ھۇۋلاش ئاۋازى تىپتىنچ قۇملۇق ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى. بۇ ئاۋازدىن تەشۋىشكە چۈشكەن ئۈچەيلەننىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، كۆپ ئۆتمەي بىرقانچە قارا كۆلەڭگە ئاپتوموبىلغا يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇيان - بۇيان چۆرگىلەشكە باشلىدى، بۇ كۆ-

لەڭگىلەرنىڭ كەينىدىن يەنە بىر توپ قارا كۆلەڭگە ئىز بېسىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئۇچەيلەن بۆرىلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى!

ئۇچەيلەن بۆرىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە بەرداشلىق بەرسىلا بۆرىلەرنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۆرە ۋە ئادەملەر بىر ـ بىرىنى پايلىشىپ بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى تاڭ ئەمدىلا يورۇشقا، جېك خېپىك كېچىچە ئاپتوموبىلنىڭ ئەتراپىدىن بىر قەدەممۇ نېرىغا كەتمىگەن بۆرىلەرنىڭ تۇيۇقسىز بىر نېمىدىن چۆچۈگەندەك پىتىراپ قېچىشقا باشلىغانلىقىنى بايقىدى. بۆرىلەر جېنىنىڭ بارىچە قاچاتتى ۋە قورقۇنچ ئىچىدە پات ـ پات كەينىگە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ۋە تېز قاچالمىغان بىرقانچە بۆرە ئۆزىنى قۇمغا تاشلاپ، جان ـ جەھلى بىلەن ئېغىناشقا باشلىدى. بىراق، ئۆزىنى قۇمغا ئاتقان بۆرىلەر ھەش ـ پەش دېگۈچە مىدىر ـ سىدىر قىلالماي قالدى ۋە بىردەمدىلا دۆۋە ـ دۆۋە ئاپئاق سۆڭەككە ئايلىنىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ـ ھەس قالغان جېك خېپىك كۆرگەنلىرىنى لاۋگاۋ ۋە ليۇ خەيگە ئېيتىپ بەردى ۋە بۆرىلەرنىڭ سۆڭەككە ئايلىنىشى داۋاملىشىۋاتقان «جەڭگاھ» نى ئۇلارغا كۆرسەتتى.

لاۋگاۋ جېك خېپىك كۆرسەتكەن تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ، «يالت ـ يۇلت» قىلىپ ئالتۇندەك نۇر چاقنىتىۋاتقان سان ـ ساناقسىز ئۇششاق بىرنېمىلەرنىڭ يەلپۈگۈچ شەكلىدە سەپ تارتىپ، ئاپتوموبىلغا قاراپ سەلدەك يامراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئاپئاق تاتارغان ھالدا:

—چاتاق بولدى، بىز ئالتۇنخور چۈمۈلىگە يولۇقۇپ قاپتۇق— دەپ توۋلاپ تاشلىدى.

ئالتۇنخور چۈمۈلە نەچچە يۈز مىڭ، ھەتتا نەچچە مىليون دانىسى بىر توپ بولۇپ، قۇملۇقنىڭ نەچچە مېتىر چوڭقۇر جايىغا ئۇۋا ياساپ توپلىشىپ ياشايتتى. ھەر دانىسى كۆكيۇنچىلىك كېلىدىغان بۇ مەخلۇقلارنىڭ قۇملۇقتا ئۆمىلەش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، بەزىدە ئىككى مېتىردىن يىراققا سەكرىيەلەيتتى. ئۇلار دەرەخ يىلتىزى، زىرائەت شاخلىرى، ياغاچ، كۆتەك، ھەتتا پولات ـ تۆمۈر بولامدۇ، ئەيتاۋۇر ئالدىغا ئۇچرىغاننىڭ ھەممىسىنى يەيتتى. ئۇلار قۇم دانچىلىرى ئارىسىدىكى كېپەك ئالتۇنغا ئەڭ ئامراق بولغاچقا، كىشىلەر بۇ خىل چۈمۈلىنى «ئالتۇنخور چۈمۈلە» دەپ ئاتايتتى. ھەممىدىن قورقۇنچلۇق يېرى، بۇ خىل چۈمۈلە كىسلاتاغا ئوخشاش ئىنتايىن زەھەرلىك بىر خىل سۇيۇقلۇق پۈركۈپ، ھايۋانات ۋە ئادەمزاتنى شۇ زامات جېنىدىن جۇدا قىلىپ تاشلايتتى.

ئالتۇنخور چۈمۈلە ئادەتتە يەر ئۈستىگە ئىنتايىن ئاز چىقىدىغان بولۇپ، تونۇگۈنكى قۇيۇندا ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى ئېچىلىپ قالغان ۋە يەر يۈزىدىكى ئادەمزات ۋە ھايۋانات پۇرىقىنى پۇراپ، سوگدىشىپ ئىز قوغلاپ كەلگەنىدى.

بۇ چاغدا ئۇچەيلەننىڭ كاللىسىغا ئاپتوموبىلنى تاشلاپ جېنىنى قۇتقۇزۇش ئويى كەلدى، بىراق، ئۇلار ئاپتوموبىلنىڭ بۇ قۇملۇقتىكى بىردىنبىر پاناھ جاي ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن ئايرىلسىلا ئۇچۇقچىلىقتا قالىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتوموبىلدىكى بىباھا ماتېرىياللارنىڭ چۈمۈلىگە يەم بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ نىيىتىدىن ياندى. ئۇلار بىر مەيدان جەڭگە ھازىرلىق كۆرۈپ قويدى، ليۇ خەي قولىغا پىۋا بوتۇلكىسىنى ئېلىۋالدى، ئۇلار چۈمۈلىگە تاقابىل تۇرۇشتا ئەسقاتمايدىغان ئوۋ مىلتىقىنى چۆرۈپ تاشلىۋەتتى.

ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە يوغان ئالتۇنخور چۈمۈلىلەر بىردەمدىلا ئاپتوموبىلنى قاتمۇقات ئورىۋالدى. ئۇلار مەخسۇس تەربىيىلەنگەن تەجرىبىلىك ئەسكەرلەردەك، ناھايىتى رەتلىك سەپ تۈزۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. سەپنىڭ ئالدىدىكى «پىداكار»لار يىكىلەپ ھېچنېمىسى قالمىغان قاناتلىرىنى قېقىپ، ئاغزىدىن سۈت رەڭ زەھەرلىك سۇيۇقلۇق پۈركۈگىنىچە ئاپتوموبىلغا ئېتىلىپ كەلدى. چۈمۈلە زەھىرى چاچرىغان جايدىكى قېلىن بىر قەۋەت سىر بىردەمدىلا ئېرىپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. كەينى سەپتىكى چۈمۈلىلەر بېشىنى تىك تۇتۇپ، ئاغزىدىكى ئادەمگە دەھشەت سالىدىغان ئىككى دانە ئالتۇن چىشىنى پارقىرىتقىنىچە بىر تەرەپتىن زەھەر پۈركۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتوموبىلنىڭ ئۇچرىغان يېرىنى يونۇپ يېيىشكە باشلىدى. ئىنساننىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن مۇستەھكەم بولغان پولات ـ تۆمۈر بۇ يىرتقۇچلارنىڭ ئالدىدا

پوشكالدەك يۇمشاق، مەززىلىك تائامغا ئايلانغانىدى. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان «غىژ ـ غىژ» ئاۋازغا ئەگىشىپ، ئاپتوموبىلنىڭ ئىچكى تەرەپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قالدى ۋە ئىزلىكتە يوغىناپ، شۇ تۆشۈكتىن تاجاۋۇزچى چۈمۈلىنىڭ بەتبەشىرە بېشى كۆرۈندى.

بۇنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان ليۇخەي چەبدەسلىك قىلىپ قولىدىكى بوتۇلكا بىلەن ھېلىقى چۈمۈلىنىڭ بېشىغا بىرنى قويدى. «شىرىق» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۇ چۈمۈلىنىڭ مىجىقى چىقىپ، ئىككى دانە ئالتۇن چىشى ئاپتوموبىل ئىچىدە قالدى.

ئارقىدىنلا يەنە بىر چۈمۈلە ئېچىلغان تۆشۈكتىن ئۆزىنى ئاپتوموبىل ئىچىگە ئاتتى. ليۇ خەي ئۇنى چەنلەپ يەنە بىرنى سالدى، ئەپسۇس، بۇ قېتىم بوتۇلكا دەل تەگمىدى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە، ھېلىقى چۈمۈلە ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشىنى چىشلەپ ئۈلگۈردى. دەھشەتلىك ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان ليۇ خەي ئادەمنىڭ ئىچ ـ باغرى سىرىلغۇدەك ئېچىنىشلىق تووۋلىۋەتتى. چۈمۈلە چىشلىۋالغان جاي ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئۆرۈكتەك ئىششىپ چىقتى ھەمدە تاراملاپ قان ئېقىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا چۈمۈلىلەر ئاپتوموبىلنىڭ كەينى تەرىپىدىن يەنە ئىككى تۆشۈك ئېچىۋالغانىدى. لاۋگاۋ قېلىن قونچلۇق خۇرۇم ئۆتۈكنى قولىغا ئېلىپ، تۆشۈكتىن كىرگەن چۈمۈلىلەرنى مىجىشقا باشلىدى. ئاپتوموبىلدىكى تارغىنا بوشلۇق ئۈچ ئادەمنىڭ تەڭلا «جەڭ» قىلىشىغا ئىمكان بەرمىگەچكە، جېڭ خېپىڭ ئىككى ھەمراھىغا ياردەم بېرىشكە ئامال قىلالماي، ياندىكى ئىشكنى مۇشتلاپ، ئىشىككە يامىشىۋاتقان چۈمۈلىلەرنى قورقۇتۇپ قاچۇرماقچى بولدى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئىشىكنى چۈمۈلىلەر غاجاپ نېپىزلىتىپ قەغەزدەك قىلىپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشتى تەگكەن جايدىن يوغان بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قالدى.

ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. بۇ چاغدا لاۋگاۋ توساتتىن:

— مەخپىي شىفىرلىق ساندۇقنى ماڭا بەر! — دەپ توۋلىدى. جېڭ خېپىڭ ساندۇقنى ئۇنىڭغا بەردى. لاۋگاۋ ساندۇقتىن بىر قۇتا ھاشارات يوقىتىش دورىسىغا ئوخشاش بىر خىل سۇيۇقلۇقنى ئالدى ـ دە، ئالدىبۇرۇن ئاپتوموبىلغا كىرىپ بولۇشقا ئۈلگۈرگەن بىرقانچە چۈمۈلىگە قاراپ پۈركۈدى. دورىنىڭ تەسىرىدىن ھېلىقى بىرقانچە چۈمۈلە بىردەمدىلا ئاق رەڭگە ئۆزگىرىپ، جېنىدىن جۇدا بولدى. لاۋگاۋ يەنە ئىشىكتىكى تۆشۈكتىن كىرىۋالغان بىر توپ چۈمۈلىگە دورا پۈركۈدى، ئۇ چۈمۈلىلەرمۇ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، بەدەر قاچتى.

چۈمۈلىلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋاقىتلىق توختاپ قالدى. لاۋگاۋ ھېلىقى دورىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنۇملارنى دېدى:

— بۇ ئىنتايىن قىممەت پۇللۇق دورا. بۇنى نەچچە يىل ئىلگىرى چەت ئەلگە تەكشۈرۈشكە بارغىنىمدا شۇ يەرلىك بىر دوستۇم سوۋغا قىلغانىدى. مەن ھەر قېتىم قۇملۇقتا مەشغۇلاتقا كىرسەم بۇ دورىنى ئېلىۋېلىپ، لاپىسقا ئېزىپ ـ تېزىپ كىرىپ قالغان بىگانە ئالتۇنخور چۈمۈلىلەرگە ئىشلەتتىم. بىراق، بۇنچىلىك ئاز دورا ئۇنچىۋالا كۆپ چۈمۈلىگە زەربە بېرىشكە ھەرگىز يەتمەيدۇ.

ليۇ خەي ۋە جېڭ خېپىڭ لاۋگاۋنىڭ قولىدىكى ئازغىنە دورىغا قاراپ كۆڭلىدە ھەممىنى بىلدى، — قارىغاندا، بۈگۈن ئۈچىلىمىز ھايات قالمايدىغان ئوخشايمىز، ئېشىپ قالغان بۇ دورىنى قىممەتلىك بۇ ماتېرىياللارنى قوغداشقا ئىشلەتمەي باشقا ئامال يوق. چۈنكى، بۇ ماتېرىياللار بىر ئەترەت ئادەمنىڭ جاپالىق قان ـ تەرىنىڭ مەھسۇلى...، — دېدى لاۋگاۋ مەخپىي شىفىرلىق ساندۇققا دورا پۈركۈگەچ. ئەمما ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئېخى ئاخىرى چىقماي تۇرۇپلا، ئاپتوموبىلنىڭ تەرەپ ـ تەرىپىدىن تۆشۈكلەر ئېچىلىپ، چۈمۈلىلەر بېسىپ كىرىشكە باشلىدى....

بىر كۈندىن كېيىن، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قۇتقۇزۇش خادىملىرى تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن ھارغۇچە ئىزدەپ، ئاخىر بۇ توڭلاتقۇلۇق ئاپتوموبىلنى تاپقان چاغدا، ئاپتوموبىلنىڭ ئورنىدا غاجىلىپ ھېچنېمىسى قالمىغان ئاپتوموبىل پارچىلىرى ۋە ئۈچ ئادەمنىڭ ئاپئاق غاجىۋېتىلگەن سۆڭەكلىرى قالغانىدى. بۇنىڭ ئالدىدىكى بىر دۆۋە ئادەم سۆڭىكىنىڭ قۇچىقىدا ساپساق بىر دانە مەخپىي شىفىرلىق ساندۇق ۋە كىچىككىنە بوش قۇتا تۇراتتى.

ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن جەڭچىلەر ۋە بىللە كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر ھەممىنى چۈشەندى، ھەممەيلەن مەخپىي شىفىرلىق ساندۇققا قاراپ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى....(09)

(بۇ ئەسەرنى تىيەنجىندە چىقىدىغان «دوست» گېزىتىنىڭ ئومومىي 482 ـ سانىدىن مۇھەممەتجان ئىسمايىل تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەر ئەسلىدە «ھېكايە شاھى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان)

# www. xjdaxue. com

# ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى

| مۇنتىزىم ئوقۇتۇش | كەسپىي ئوقۇتقۇچى | ئىلغار ئۇسكۇنە | ئازادە مۇھىت |
|---|---|---|---|
| خىزمەتكە تونۇشتۇرۇلىدۇ | ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ | گىنىشكا بېرىلىدۇ | يۇقىرى سۈپەت |

**كومپيۇتېر ئىنگلىز تىلى خەنزۇ تىلى ياپون تىلى رۇس تىلى كەسپىي بويىچە يەككە پەنلەر ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ**

كومپيۇتېر ۋە چەت ئەل تىلى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ھەممىمىزنىڭ ساپا قۇرۇلمىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى دەۋر ھەممىمىزدىن مەيلى تىجارەت، تۇرمۇش ياكى خىزمەتتە بولسۇن، كومپيۇتېر ۋە چەت ئەل تىلىنى بىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. تەربىيىلەش مەركىزىمىز دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە جايلاردىن تۆۋەندىكى كەسپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ.

## 8923888   1. قوبۇل قىلىدىغان ئاساسلىق كەسپلەر   8920555

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | كومپيۇتېر + ئىنگلىز تىلى + خەنزۇ تىلى | (1، 2 يىللىق) | 10 | كومپيۇتېر يەككە پەنلەر ئالىي تېخنىكوم سىنىپى | |
| 2 | كومپيۇتېر + ئىنگلىز تىلى | (1، 2 يىللىق) | 11 | كومپيۇتېر تۆۋەن، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجە سىنىپى | |
| 3 | كومپيۇتېر + خەنزۇ تىلى | (1، 2 يىللىق) | 12 | كومپيۇتېر ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى | (1، 2 يىللىق) |
| 4 | خەنزۇ تىلى + ئىنگلىز تىلى | (1، 2 يىللىق) | 13 | تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى | (2 يىللىق) |
| 5 | رۇس تىلى + كومپيۇتېر + خەنزۇ تىلى | (1، 2 يىللىق) | 14 | قانۇن كەسپى، تارىخ كەسپى | (2 يىللىق) |
| 6 | خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق | (1، 2 يىللىق) | 15 | ياپون تىلى، رۇس تىلى | (1، 2 يىللىق) |
| 7 | ئىنگلىز تىلى | (1، 2 يىللىق) | 16 | ئوردۇ تىلى، ئەرەب تىلى | (1، 2 يىللىق) |
| 8 | رۇس تىلى + كومپيۇتېر | (1، 2 يىللىق) | 17 | ياپون تىلى + كومپيۇتېر + خەنزۇ تىلى | (1، 2 يىللىق) |
| 9 | ياپون تىلى + كومپيۇتېر | (1، 2 يىللىق) | 18 | ئاخبارات ۋە باشقا كەسپلەر | (1، 2 يىللىق) |

**2. دەرس ۋاقتى: پۈتۈن كۈنلۈك، چۈشتىن بۇرۇن، چۈشتىن كېيىنلىك، كەچلىك، شەنبە، يەكشەنبىلىك**

***3. ئوقۇش مۇددىتى: 2 يىل، 1 يىل، 6 ئاي، 4 ئاي، 3 ئاي، 2 ئاي، 1 ئاي بولىدۇ. ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.***

***4. ئوقۇتۇش سۈپىتى:*** تەربىيىلەش مەركىزىمىزنىڭ دائىرىسى كەڭ (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) دىكى كەسپكە پىشقان، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە. زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ھازىرلانغان. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن.

***5. قوبۇل قىلىنىدىغانلار:*** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، چەت ئەلگە چىققۇچىلار ۋە بىلىم ئېلىپ ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار.

***6. ئوقۇش تارىخى:*** ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلارغا ئوقۇش تاماملاش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ. 2 يىللىق ئوقۇغانلار ئۈزلۈكسىز ئۆگەنگۈچىلەر ئىمتىھانىغا بىر تۇتاش قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئالىي تېخنىكوم، تولۇق كۇرس دىپلومى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. دۆلەت ئوقۇش تارىخىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. كومپيۇتېر كەسپى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلارغا تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا دەرىجە لاياقەتلىك گىنىشكىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يەككە پەنلەر بويىچە ئالىي تېخنىكوم دىپلومى، دۆلەت بويىچە بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدىغان CAD لاياقەتنامىسى، MCSE مىكرو سوفتنىڭ تور تېخنىكا لاياقەتنامىسى بېرىلىدۇ.

(0991) 8586666

**7. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مەركىزىمىزنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا خىزمەتچى قوبۇل قىلىنىدۇ.**

## 8555555 تېلېفون 2555555 (0991)

# ئالتۇن ئۈزۈكتىكى ياقۇت كۆز

## —پىچان ناھىيىسى پىچان يېزىسىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە

ئە. داۋۇت

«يىپەك يولىدىكى قەدىمىي ماكان، غەربىي رايوندىكى مەرۋايىت، ئىدىقۇت ۋادىسىدىكى گۆھەر زېمىن» دەپ تەرىپلىنىدىغان پىچان ناھىيىسىدە خۇددى «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قويۇلغاندەك بىر پارچە گۈزەل، خاسىيەتلىك زېمىن بار. ئۇ بولسىمۇ بۇ ناھىيىنىڭ پىچان يېزىسى بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ كۆزىدىكى ياقۇتقا ئوخشاش جۇلالىق، مەھلىيالىق ۋە مەپتۇنكار زېمىندۇر.

پىچان يېزىسى پىچان ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ناھىيە بازىرىنىڭ ئۆت ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، تەۋەلىكىدە ئون مەمۇرىي كەنت، بىر چارۋىچىلىق مەيدانى، 39 مەھەللە ۋە 13 پۇنكىت (ئورۇن) بار. ئومۇمىي نوپۇسى 23 مىڭدىن كۆپرەك، يېزا نوپۇسىنىڭ 82.5%نى ئۇيغۇرلار ئىگىلەيدۇ، خەنزۇلار 14.4%نى، خۇيزۇلار 3.1%نى ئىگىلەيدۇ، يېزىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2400 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ھازىرقى تېرىلغۇ يەر 36 مىڭ 100 مو، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 2000 ـ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2558 يۈەن.

پىچان يېزىسى ئۈزۈم، قوغۇن ۋە پاختىچىلىقنى ئاساس قىلغان چوڭ يېزا ئىگىلىك يېزىسى بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە نامى مەشھۇر «قۇمۇل قوغۇنى» ۋە «ئۇرۇقسىز ئاق ئۈزۈم»نىڭ ھەقىقىي ئانا ماكانىدۇر. بۇ يېزىدىكى «قۇمۇل قوغۇنى»نىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 4500 توننىدىن ئارتۇق بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىكى بېيجىڭ، شېنجېن، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە توشۇلىدۇ. ئۇرۇقسىز ئاق ئۈزۈمنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ مو، ئوزۇن تالالىق پاختا ۋە قۇرغاقلىق پاختىسى 7000 مو بولۇپ، پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 75 ـ 100 كىلوگرامغىچە، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 8000 مو بولۇپ، ئاساسلىقى بۇغداي، قوناق، ئاق قوناق تېرىلىدۇ. يېزىنىڭ تەگرىتاغلىرى ئېتىكىدىكى كۆكيار كەنتىنىڭ قەغەز ياڭىقى بىلەن ئۆزگىچە ئۈرۈكى يىراق ـ يېقىنغا داڭلىق بولۇپ، ئالاھىدە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. بۇ يېزىنىڭ كان مەھسۇلاتلىرى ھەقىقەتەنمۇ مول. كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، كاربون ۋە تۇز قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى مول ۋە سۈپەتلىك بولۇپ، ناھايىتى زور ئېچىش قىممىتىگە ئىگە.



بۇ يېزىنىڭ يەنە بىر ئەۋزەللىكى شۇكى، ئاسىيا ـ ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈريول كۆۋرۈكىنىڭ لەنجۇ ـ شىنجاڭ بۆلىكى ۋە 312 ـ نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى بۇ يېزىنىڭ كۆپ قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ، بۇ يېزىنىڭ ساياھەتچىلىكى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، شىنجاڭغا نامى مەشھۇر «قۇمباغ سەيلىگاھى» ۋە «كۆكيار سۇ ئامبىرى، كۆكيار قەدىمكى لەشكەرگاھى» بۇ يېزا ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ساياھەتچىلىك يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە.

غەربنى ئېچىشتىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن، بۇ يېزا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە «ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش، مۇھىم نۇقتىغا يۈرۈش قىلىش، ئەۋزەل مۇھىت ھازىرلاش، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىدىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، «يېزا ئىگىلىكىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، سانائەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، سودىنى جانلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت خىزمەت يۆنىلىشىنى تىپىپ چىقىپ، «ئۈزۈمچىلىكنى زورايتىش، پاختىچىلىقنى ئازايتىش، قوغۇنچىلىقتا كاپالەتلىك قىلىش، ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كۆكتاتچىلىقنى زورايتىش، باقمىچىلىقنى تېزلىتىش، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنى گۈللەندۈرۈش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ۋە سېتىش بىرلەشكەن مۇنەۋۋەر مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى بارلىققا

كەلتۈرۈپ، يېزىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كېلەچىكى ۋە بەختىيار ئەتىسى ئۈچۈن ئاساس ھازىرلىدى.

مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى نەمۇنىلىك شەخس، پىچان يېزىسىنىڭ باشلىقى ئابابەكرى ئابدۇللا زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا، يېزىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرى ۋە ئىشلىگەن خىزمەتلەرنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىدى:

1. ئىنچىكە پىلانلاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى مەھسۇلات ۋە يۇقىرى كىرىم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىندى.

ئالدى بىلەن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك ئەمەلىيلەشتۈردۇق؛ ئىككىنچى قەدەمدە، ئوتتۇرا ــ تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشتە زور كۈچ ھاسىل قىلدۇق؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، ئېتىز ــ ئېرىقلاردىكى سۇ مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى ۋە مەھەللە ــ كەنت قىياپىتى قۇرۇلۇشىنى قەدەممۇ قەدەم كۈچەيتتۇق؛ تۆتىنچى قەدەمدە، كۆچەت تىكىش ۋە ئىھاتە ئورمان بىنا قىلىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق؛ بەشىنچى قەدەمدە، ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ ئىشلىدۇق. ئالتىنچى قەدەمدە، 2 ــ ، 3 ــ كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئاچتۇق. يەتتىنچى قەدەمدە، چارۋىچىلىقنى يېڭى بىر ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈپ، كىرىمگە كاپالەتلىك قىلدۇق.

2. ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خىزمىتىمىزنىڭ ئىتراپلىق ۋە ساغلام تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تىرىشتۇق.

3. «ئۈچنى ئاشكارىلاش» خىزمىتىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈردۇق.

4. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، مەسىلىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇندىدۇق.

5. مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەقىقىي، ئەمەلىي تۇتۇپ ئىشلىدۇق.

6. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دىن خىزمىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىدۇق.

7. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگەندۇق ۋە ئۇنى جارى قىلدۇردۇق.

يېزا باشلىقى ئابابەكرى ئابدۇللا 2002 ــ يىلى يىل ئاخىرىغىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى 2790 يۈەنگە يەتكۈزۈش نىشانىنى خۇشاللىق بىلەن تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، يىل ئاخىرىغىچە يەنە مۇنداق بىرنەچچە ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە سۆزلەپ ئۆتتى.

بىرىنچى، يىل ئاخىرىغىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنى 126 مىليون 105 مىڭ 400 يۈەنگە يەتكۈزۈش.

ئىككىنچى، يىل ئاخىرىغىچە ئۈزۈم تېرىلغۇ كۆلىمىنى 16 مىڭ 790 موغا، كېۋەز تېرىلغۇسىنى 5000 موغا، ئاشلىق تېرىلغۇسىنى 28 مىڭ 184 موغا، قوغۇن ــ تاۋۇز تېرىلغۇسىنى 2000 موغا، كۆكتات تېرىلغۇسىنى 3660 موغا، تېرىقچىلىقتىن بوشانغان يەرگە ئورمان ئەھيا قىلىش كۆلىمىنى 2150 موغا يەتكۈزۈش.

ئۈچىنچى، توك باشقۇرۇش تارماقلىرى ماسلىشىش ئارقىلىق 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېزا بويىچە كەنت ــ مەھەللىلەر ئارىسىدىكى توكنى تورلاشتۇرۇش.

تۆتىنچى، ئېتىز ــ ئېرىق، سۇ كۈچى قۇرۇلۇشى جەھەتتە، 8.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 2.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆۋەن بېسىملىق تۇرۇبا يانقۇزۇش. 10 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېتىز يولى راۋانلاشتۇرۇش.

بەشىنچى، بورداقچىلىق جەھەتتە، بورداقلىنىدىغان قوي ــ كالا سانىنى 120 مىڭ تۇياققا يەتكۈزۈش، بورداقچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنى 36 غا يەتكۈزۈپ، كۆپ ئۇنۇمدارلىق باقمىچىلىق بازىسىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش.

ئالتىنچى، 2 ــ ، 3 ــ كەسىپ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، قاتناش كەسپى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى مەركەزلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش، 2 ــ ، 3 ــ كەسىپ ساپ كىرىمىنى 400 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈش.

دېھقانلارنىڭ پەن ــ مەدەنىيەت، تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان دېھقان، چارۋىچىلار مەدەنىي تېخنىكا مەكتىپى قۇرۇش.

مەن يېزا باشلىقى بەكرى ئابدۇللا بىلەن قىزغىن خوشلىشىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن (نويابىر ئايلىرىدا) قايتا كەلگىنىمدە، ئۇ ئېيتىپ ئۆتكەن بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ئاساسەن تولۇق ئورۇندىلىپ بولغىدەك ياخشى نەتىجىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم.(06)

ئابدۇقادىر ھەمدۇللا (قورغان) فوتوسى

# راستچىللىق

(ھېكايە)

ئېزىز ساۋۇت

باھارمۇ يېتىپ كەلدى. ئارىلاپ چىقىپ تۇرىدىغان سوغۇق شامالدىن باشقا قىش ئەمدىلىكتە ئاستا ـ ئاستا ئىللىق باھارغا ئورۇن بوشىتىپ بەرمەكتە ئىدى. دېھقانلارمۇ ئەمدى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، يەرلەرگە قىغ چىقىرىش، ئوسا قىلىش، ئۇرۇق تاللاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىشكەن. بولۇپمۇ ھەممە ئائىلە كۆكتاتچىلىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ كېتىشكەن بۇ كەنتتە ئاياللار كۆكتات ئۇرۇقلىرىنى تاللاش، يەر تەييارلاشقا جىددىي كىرىشىپ كەتكەنىدى. بۇ يەرنىڭ شوخلا، مۇچ، تەرخەمەك، كودىلىرى ھەممىدىن بالدۇر بازارغا كىرىشى ۋە سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. شەھەرگە يېقىن بۇ كەنتنىڭ ئادەملىرى كۆكتات مەشغۇلاتىدىن كۆپ كىرىم قىلغاچقا، تۇرمۇشىمۇ يامان ئەمەس ئۆتەتتى. شۇ قاتاردا ياشلا تۇل قالغان 35 ياشلاردىكى ئۇستىخىنى كېلىشكەن، چىرايلىق ئايال مەريەمخانمۇ، باشقىلاردەك كۆكتاتچىلىق تەييارلىقىغا بالدۇرلا كىرىشتى.

مەريەمخان قىشتىن بېرى قازناقتا قويۇپ قويغان خالتىلاردىكى ھەر خىل ئۇرۇقلارنى كۆزدىن كەچۈردى، ئىلغىدى. مۇچ ئۇرۇقلىرىنى سۇغا چىلىدى. ئۇ، ئىشلارنى شۇنداق سەرەمجانلاشتۇرۇۋاتقاندا تويۇقسىزلا ئۇرۇقلار ئارىسىدىن ئايرىم بىر خالتا چىقىپ قالدى. قارىۋىدى، ئۇزاقى يىلى ئېرى ھېلىم ئاخۇن كەنتكە ياندىشا جايلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بىر تونۇشىدىن سوراپ ئەكەلگەن شوخلا ئۇرۇقى ئىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى سىيلىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. «ھەي ئېسىت، رەھمەتلىك ھېلىماخۇن ئېمىدېگەن پەملىك، تىرىشچان، ئائىلىگە كۆيۈمچان كۆڭلۈك كىشى ئىدى ـ دە؟ مانا ئەمدى...»

مەريەمخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئېغىر ـ بېسىق، بالا ـ چاقىلىرىغا مېھرىبان ئېرى ھېلىماخۇننىڭ ھەمىشە كۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايى نامايان بولدى. شۇئان مەريەمخاننى يىغا تۇتتى. ئۇ ھېلىماخۇننى بەكمۇ سېغىنغانىدى. ئەمدى سېغىنغان بىلەن بىكار، ئۇ ئىككى بالىسىنى تاشلاپ كېزىك ئاغرىقى بىلەن بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك



خوشلاشقان. مانا بۈگۈنگىچە ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يەتتە ـ سەككىز ئاي بولۇپ قاپتۇ.

مەريەمخان ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتكەن كۈنلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ، باغرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. ئەجەبمۇ ياخشى ئادەم ئىدى ئۇ! راستچىل، قوشنىلىرى بىلەن ئىناق، ئىگىلىك ئىشلىرىغا پۇختا، بالىلىرىغا ئامراق. ئۇ، مۇشۇ شوخلا ئۇرۇقىنى ئەكىلىپ تېرىۋىدى، ناھايىتى ئوخشاپ كەتتى. يېپىشلىك، مەھسۇلاتى يۇقىرى ھەم كۆرۈملۈك، بازارلىقى بەلەن، تېخى يېڭىدىن كەلتۈرۈلۈپ، بۇ يېقىن ئەتراپتا ئومۇملاشمىغان. بۇ ئەلا سۈپەتلىك سورتنىڭ شارائىتى بىلەن شۇ يىلى خېلى تاپاۋەتلىك بولۇپ قالغان. ئۆي ـ سەرەمجان، بالىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ يېڭىلانغان. ئۆزىگىمۇ خېلى ئوبدان بازارلىق ئەكېلىپ تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. مەريەمخان بۇلارنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن. تېخى ۋاپات بولۇشتىن بىر ئاي بۇرۇن شوخلىزارلىقنى ئارىلاپ، يوغان، گۆشلۈك، تولۇق قىزارغانلىرىدىن تاللاپ ئۇرۇقلۇق قالدۇرغانىدى. مانا بۇ ئاشۇ ئۇرۇقلار ئىدى. مەريەمخاننىڭ ئېتەكلىرىگە كۆز ياشلىرى قۇيۇلۇشقا باشلىدى. شۇ

ئەسنادا، سىرتتىن تېخى بۇ يىل مەكتەپكە بەرگەن بۇدرۇق، چىرايلىق كەلگەن يەتتە ـ سەككىز ياشلىق ئوغلى لېنىپ كىرىپ كەلدى ـ دە، ئاپىسىنىڭ بىر تالاي خالتىلارنى يېيىپ قويۇپ، كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

—ئاپا، ئاپا، نېمە بولدۇڭ؟ يىغلاپسەنغۇ؟

ئاڭغىچە مەريەمخانمۇ ئىنتىك ئۆزىنى ئوڭشاپ، ياشلىرىنى ئېرتىپ ئۈلگۈردى.

—يىغلىمىدىم ئوغلۇم، مۇنداقلا كۆكتات ئۇرۇقلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن، —دېدى ئۇ بالىنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ، —مۇنۇ شوخلىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى داداڭ تاللىغان. تېخى كەنتتىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق، داداڭ تولىمۇ پەملىك، ياخشى كىشى ئىدى! شۇڭا كۆڭلۈم بۇزۇلدى!

—يىغلىمىغىن ئاپا!—دېدى لېنىپ چۈپچۈك تىلى بىلەن ئاپىسىنىڭ يېشىنى ئېرتىپ تۇرۇپ، — سەن يىغلىساڭ مەنمۇ يىغلايمەن.

—يىغلىمايمەن قوزام.... مەريەمخان شۇنداق دېگىنىچە بالىنىڭ سەبىيلەرچە قىلغان تەسەللىسى تەسىر قىلغانلىقتىنمۇ، قىيىندا كۆز يېشىنى توختىتىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خالتىدىكى ھېلىقى شوخلا ئۇرۇقىنى ئەتىۋارلاپ قازان بېشىدىكى كەنتىرنىڭ تارتمىسىغا ئايرىم سېلىپ قويدى. لېنىپ ئاپىسىنىڭ ھەرىكىتىگە زەن سېلىپ قاراپ تۇراتتى. مەريەمخاننىڭ ئېسىگە بىر ئىش كەچتى ـ دە، لېنىپقا قاراپ:

—بالام، بۇ شوخلا ئۇرۇقى مەھەللە ئىچىدە كېڭىيىپ كەتسە بازىرى كاسات بولىدۇ، كىرىمىمىز ئازلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىيىنچىلىق تارتىپ قالساق، تەدبىر تېپىپ ئىشلىرىمىزنى ئوڭشاپ تۇرىدىغان پەملىك داداڭ ئەمدى يوق. سىلەر بولساڭلار كىچىك، مەن بولسام بىر ئاجىز ئايال، شۇڭا، بۇ شوخلا ئۇرۇقىنى بۇ يىل يەنە پىنھان ساقلاپ، ئۆزىمىزلا تېرىيلى دەيمەن. كىشىلەرگە زادى دەپ يۈرمىگىن، ماقۇلمۇ؟ — دېدى.

بالا ئانىسىنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمىگەندەك، باغرىدىن ئاجراپ ھەيرانلىق بىلەن جىلمىيىپ قاراپ قالدى. مەريەمخان بالىسىنىڭ بۇ ھالىتىگە ئېرەن قىلماي، يەنە گېپىنى داۋام قىلدى:

—كۆزدىلا كەنتتىكىلەرنىڭ بۇ شوخلىغا كۆزى چۈشكەن. ئاڭغىچە داداڭ قازا قىلىپ كەتتى، بۇ يىل قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ مۇشۇ ئۇرۇقتىن سوراپ كىرىدىغانلىقى ئېنىق. مەنمۇ ئۆزىمىزدىن ئاشمىدى دەي، سەنمۇ شۇنداق دېگىن، گەپ بىر خىل بولسۇن جۇمۇ، ئوبدان قوزام. داداڭمۇ قوشنىلار بىلەن ئوبدان ئۆتۈڭلار! ئۆتنە ـ يېرىمدىن قاچماڭلار، بارنى يوق دېمەڭلار، يالغانچىنىڭ چىرايى سېرىق، دەپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ بۇرۇنقى ئىشلار. ئەمدىلىكتە... بالا ئەمدى بۇ گەپلەرنى تىڭشىماي، توپىلىقنىڭ ئۈچىدا يەردىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان ناش پارچىسىنى تېپىپ ئويناشقا باشلىدى.

—گېپىمنى ئاڭلىمايۋاتىسەنغۇ ھە؟!

—مەريەمخان ئوغلىغا كۈلۈمسىرەپ قارىغان ھالدا، دادىسىغا تارتقان مىجەزىگە زوقى قوزغالدى. «مۇشتەك تۇرۇپ گېپىمنى ياقتۇرمايۋاتىدۇ. ۋاي ئەقىللىقەي، لېكىن شۇنداق دېمەي نېمە ئامال؟... —شۇلارنى خىيالىدىن كەچۈردى مەريەمخان.

—ئاڭلاۋاتىمەنغۇ ئاپا....

—ئاڭلىغىن قوزام، ئاڭلىغىن، ئاپاڭ ساڭا زىيانلىق گەپ قىلمايدۇ. مەن دېگەندەك ھېچكىمگە ئېيتما ئوغلۇم، ئۆتكەنكىدەك رىسۋا قىلىپ يۈرمىگىن يەنە!

—قايسىنى ئاپا، ئۇ كۈنكى ئىشنىما؟

—لېنىپ ئاپىسى ئىشارەت قىلغان دادىسى ھايات ۋاقتىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى دەرھال ئېسىگە ئالدى ـ دە، گويا ئۇ بىر توغرا ئىشتەك زوقلىنىپ كۈلۈمسىرىدى.

ئۇ كۈنكى دېمەسەنغۇ؟ ئۇنى بۇلتۇرقى ياكى ئۆتكەنكى دېمىز، قۇۋلۇق قىلىۋاتىسەن ـ ھە؟! شۇ چاغدا ئارقا تامدىكى قاسىم قوغۇنچى سەيجونى سوراپ كىرىۋىدى، مەن «يوق تۇرىدۇ» دېسەم، سەن مېنى شۇ يەردىلا رىسۋا قىلىپ، قازناقتىن سەيجونى سۆرەپ ئاچىقىپ بېرىۋىدىڭ، كېيىن داداڭ كەلگەندە ئاڭلاپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىچە كۈلگەن، سېنى باغرىغا بېسىپ سۆيگەن ھالدا: «بارىكاللا ئوغلۇم، ئوغۇل بالا دېگەن ئەنە شۇنداق مەرد، راستچىل بولۇشى كېرەك» دېگەن. ئەمدى ئاشۇ داداڭ يوق، بۇنىڭدىن كېيىن ئاغزى ئىتتىكلىك، ئايىغى چاققانلىق قىلىپ يۈرمىگىن، ئاپاڭ نېمە دېسە «ماقۇل» دېگىن جۇمۇ ئاپئاق قوزام!...

—ماقۇل ئاپا! — لېنىپ كەينى ـ كەينىدىن بېشىنى لىڭشىتتى.

—ھە، ئەمدى ياخشى بالا بولدۇڭ، ئاپىنىڭ گېپىنى ئەنە شۇنداق مۇلايىملىق بىلەن ئاڭلايدىغان، — مەريەمخان لېنىپنىڭ مەڭزىدىن سۆيۈپ قويدى.

* * *

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرقانچە كۈنمۇ ئۆتتى. مەريەمخان كۆكتاتلىقنىڭ قىغلىرىنى تارتىپ ئاغدۇرۇپمۇ، تۈزلەپ ئۇرۇق

سالغۇدەكمۇ قىلىپ بولدى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئۆزى يالغۇز قىلدى. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆز بېشىغا ئېلىپ قىلغان ئىشلىرىدىن كۆڭلى سۆيۈنگەندەك بولدى.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، كۆكتات ئۇرۇقىنى سېلىۋېتىش ئۈچۈن سەيجو، تارنىقۇ، ئاسقاقلارنى تەييارلاپ تۇراتتى، بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەريەمخان سىرتقا قاراپ ماڭدى. لېتىپ ئايرىلىپ قالاتتىمۇ؟ بۇ شوخ ئوغۇل ئارقىدىن بىللە ماڭدى. كەلگىنى ئۇدۇلدىكى قوشنا ئايال ئىدى.

— مەريەمخان، — دېدى قوشنا ئايال قىسىلغان ھالىتى بىلەن، — كۆكتاتلىقنى ئۇرۇق سالغۇدەك قىلىپ قويۇۋىدىم، باشقا كۆكتاتلار تېرىلىپ بولدى. كىچىكرەك بىر چۆنەككە سىلىنىڭ ھېلىقى شوخلىلىرىڭىزنىڭ ئۇرۇقىدىن تېرىپ قويايلى دېۋىدۇق. بىرئاز بېرەرمىكىن دەپ كىرىۋىدىم.

مەريەمخان شۇ تاپتا كۆڭلىدە قوزغالغان پاراكەندىچىلىك ـ خاپىچىلىق كەيپىياتىنى يوشۇرۇشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ ئىلاج قىلالمىدى، دەرھال چىرايى ئۆڭدى.

— ۋاي جېنىم ھاشىخان، — دېدى ئۇ شوخلىنىڭ ئۇرۇقىدىن ھېلىماخۇن رەھمەتلىك ئالاھىدە تاللاپ ئېلىپ قويغاندەك قىلىۋىدى، چاشقانلارنىڭ كاساپىتىمىكىن، چېچىلىپ بىزەپ بولۇپ كېتىپتۇ. سۈپۈرۈپ يىغىۋىدىم، ئاران بىر چۆنەككە يەتكۈدەكلا چىقتى. تۈنۈگۈنلا تېرىپ تۈگىتىپ قويۇپتىمەن.

ھاشىخان مەريەمخاننىڭ تېخى كۆكتات يېرىگە بىر تالمۇ ئۇرۇق سالمىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا، مەريەمخاننىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى.

مەريەمخانمۇ سۆزلەۋېتىپ يېنىغا «لاپ» قىلىپ قارىۋىدى، لېتىپ يوق. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

لېتىپ بىر كىچىك خالتىنى ئىككى قولىدا چاڭگاللىغان پېتى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى. مەريەمخاننىڭ لەۋلىرى قورۇدى. بېشى ئايلانغاندەك بولۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇۋاتاتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆمرىدە مۇنداق ئوسال بولۇپ باقمىغانىدى.

— ئاپا، ھەي ئاپا! شوخلىنىڭ ئۇرۇقى مانا بار ئىكەن، خېلى جىق تۇرىدۇ، — دېدى لېتىپ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ كىرىپ، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىغەم، قىلغان ئىشى ئۈچۈن خۇشال بولغان ھالدا مەسۇم كۆزلىرىنى ھاشىخانغا، دىم ئۆتۈپ ئاپىسىغا تىكتى.

ئىككىلا ئايال «يالت» قىلىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى ۋە بۇ ھادىسىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

— ۋىيەي، ما بالىنىڭ ئىشىنى، ئەمدى قانداق قىلاي! — دېدى مەريەمخان ئاران ئېسىنى يىغقان ھالدا.

ھا، ھا، ھا!... دەپ كۈلۈپ كەتتى ھاشىخان لېتىپنىڭ سەممىي، راستچىللىقىدىن سۆيۈنۈپ، مەريەمخان بۇ كۈلكىدىن ئېنىڭگە يىڭنە سانجىغاندەك ئازاب ھېس قىلدى، تولغاندى، ئوڭايسىزلاندى، شۇ ھامان جېنىنىڭ «غىققىدە» چىقىپ كېتىشىنىمۇ ئارزۇ قىلدى.

— ھەي بالام، — دېدى ھاشىخان ئاخىر ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ، — سەن ھېلىماخۇننىڭ ئۆزىلا بوپسەن ئەمەسمۇ. رەھمەتلىكمۇ ئاق كۆڭۈل، راستچىل ئادەم ئىدى. ئاتا بالىسى ـ دە! مەريەمخانمۇ ئېرىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئېسىدىن چىقارغانلىقىنى، مۇشۇ قوشنىسىنىڭ سەككىز يىل بۇرۇن ئۆيى كۆيۈپ كەتكەندە، تا ھوشىغا كېلىۋالغانغا قەدەر بارىنى تەڭ كۆرۈپ، ئۆي ـ ماكان، ئاش ـ ئۇزۇق بېرىپ، قول ـ پۇت بولغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ ئېسىگە ئالدى ـ دە، قىلغانلىرىغا تولىمۇ ئۆكۈندى. مەريەمخان زورىغا كۈلۈمسىرىدى ـ دە لېتىپنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ھەي جېنىم بالام، ئۇرۇقنى يوشۇرغان بىلەن، ھەقىقەتنى يوشۇرغىلى بولمىدى ئەمەسمۇ؟ — دېدى ۋە بالىنىڭ قولىدىن خالتىنى ئالدى ـ دە، خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئىككى قوللاپ ھاشىخانغا سۇندى.

— كەچۈرسىلە قوشنام، ئازماس ئاللا دەپتىكەن. بىز بەندىكەنمىز، ئىنسان ـ نۇقسان دەپ، ئالدىلىرىدا كەچۈرگۈسىز ئەيىبلىك ئىش قىلدىم. قانداق قىلىمەن. بالىنىڭ دادىسى بولمىغاندىن كېيىن، تۇل ئايالغا بۇ بالىلار بىلەن بىر ئۆينىڭ غېمىنى كۆتۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كېلىدىكەن. ئاللا بۇنى!...

— ھېچقىسى يوق مەريەمخان، — دېدى ئۇ مەريەمخان سۇنغان خالتىنى ئېلىۋېتىپ، — بەزىدە شۇنداقمۇ بولۇپ قالىدۇ. بىر چاغلاردا مەنمۇ بىر تەڭقىسلىق سەۋەبىدىن يالغانچىلىق قىلغانىدىم. بۇنى ئىككىمىز تەڭ ئىشلىتەيلى، — ئاندىن ئۇ زۇڭزىيىپ ئولتۇرۇپ خالتىدىكى ئۇرۇقتىن ئازراق تۆكۈۋالدى ـ دە، قالغىنىنى خالتا بىلەن مەريەمخانغا ياندۇرۇپ بەردى.

— رەھمەت ئوماق ئوغلۇم، — دېگىنىچە لېتىپنىڭ دومىلاق مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. (09)

(ئاپيولات فوتوسى)

(ئاپتور: «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

## سونېتلار

ئا. دولانى

(1)

زادى ئەستىن چىقمىدىغۇ نۇرانە جۈپ كۆز
تەنھالىقنىڭ كېچىسىدە قۇياشتەك يېنىپ.
مەيلى ئىدى، ناياق يېسەم «بىر مىڭ ئالتە يۈز»،
زارىقىشنىڭ چۆللىرىدە ۋىسالغا يېتىپ.
تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ ئاققان تاغ سۇلىرىدەك،
ئۆركەشلىسەم گۈلزارىڭغا باغرىمنى يېقىپ.
قانارمەنمۇ، قانارسەنمۇ تەشنالىقتا ـ ھە؟
ئۆتمىدۇقمۇ ئۇزاق يىللار جاننى قاقشىتىپ؟
خۇددى تارىم توغرىقىدەك يېرىلسا لەۋلەر،
يوقلىمىدىڭ ياكى سەنمۇ دەردىمگە يېتىپ؟
ئەنىكەندە قۇياش چىقسا ھۆسنىڭگە باققان،
كۈن ئولتۇرسا كۆزلەردە ياش ھەسرەتكە پېتىپ.
ئازابلارنى جانغا شۇنداق چەكسىز سالامسەن؟
تىنچىتىمىدىڭ نىگاھىڭدىن دىلغا ناش ئېتىپ.

(2)

ئەي نازىنىن كۆزلىرىڭنى ئويۇۋالغۇم بار،
قاتىل بولۇپ دىدارىڭغا تويۇۋالغۇم بار.
تومۇچۇقتەك سولاپ سېنى ئالتۇن قەپەسكە،
جامالىڭنى جامائەتتىن تورىۋالغۇم بار.
ئېگىلمىگەن بويلىرىڭنى ئېگىپ تال كەبى،
دېڭىزلاردەك كۆزلىرىڭگە چۆكۈۋالغۇم بار.
پىنھان ـ پىنھان سىرلىرىمنى بىلدۈرۈپ ساڭا،
ئىچىمدىكى ھەسرەتلەرنى تۆكۈۋالغۇم بار.
ماڭا تۇتۇق، ئۆزگىلەرگە گۈلدەكلا ئوچۇق،
سېنىڭدىكى مۇددىئانى سورىۋالغۇم بار.
سۆيگۈ دەستۇرىدا سۆيۈش ئاجىزلىقمىكەن؟
يا ئىنسانىي غۇرۇرمۇ ئۇ ئوقۇۋالغۇم بار.
مەيلى جاۋاب بەرمىسەڭمۇ رەنجىمەس دىلىم،
لېكىن شەنىڭ ئۈچۈن قوشاق توقۇۋالغۇم بار.

## قۇربانلىقلىق مەن ھامان سېنىڭ

زاكىرجان مەجىت سىدىقى

تىترىمىسۇن پىچاق تۇتقان قولۇڭ مەن ئۈچۈن،
دەريا ياسا قېنىمدا گەر بولسا ھاجىتىڭ.
قايغۇرمىغىن جان تالاشسام ئەكسىچە سۆيۈن،
يارىلىشتىن قۇربانلىقىڭ مەن ھامان سېنىڭ.
باغدا باقتىم، ئۆلتۈرۈپ يەي، دېيىش نېمە گەپ،
باقمىساڭمۇ ھوقۇقۇڭغۇ ئۆلتۈرۈش مېنى.
سەن بىر بەدەل بەرسەڭ بېرەي مىڭ بىر ھەسسىلەپ،
قىينىمىسۇن مېنىڭ ئازاب كۆلپىتىم سېنى.
بىراق، ساڭا دەرد بولدىغۇ ماڭا ئۆلەم، دەپ،
تۆكمە ئارتۇق پىغاندا ياش، كۆل ۋە يەنە كۆل.
ئازابلىرىم بەرسە ئەگەر ساڭا پايدا ـ نەپ،
مەيلى كۆيۈپ ئوتلىرىڭدا بولاي مەن چۆچۈل.
ھاياتلىقىم سەن ئۈچۈندۇر ئۆلۈمۈممۇ ھەم،
دېمە ھەرگىز: سەندىكى دەرد مەن ئۈچۈن ئۆلەم....

## كۆزگە يېزىلغان خەتلەر...

مەھبۇبە ئابدۇللا

پاك قەلبىمدىن پارلىغان قۇياش،
يالقۇنجاتسۇن سۆيگۈڭنى جېنىم.
كۆيگىنىمدىن بولما دەرگۇمان،
قەلبىمدەكلا پاك مۇھەببىتىم.

ۋىسلىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ نىگار،
سەرسان يۈرگەن كۈنلىرىم بولغان.
پىراقىڭدا قىينىلىپ جېنىم،
كۆزلىرىمگە ئاچچىق ياش تولغان.

ۋىسال پەيتى كەلگەندە بۈگۈن،
دىلغا قايتا ھىجران باشلىما.
ساڭا كۆيگەن ئوتلۇق قەلبىمنى،
قاغجىرىغان چۆلگە تاشلىما!

## گۈلشەن ۋادا

مۇتەللىپ ئىسكەندەر

تەڭرىتاغ باغرىدا يۈرىمەن مەستخۇش،
چىمەنلىك ۋادىلار جەننەتكە ئەنداز.
چوققىلار ھۆرمەتتە قىلىشار تەزىم،
ئاسىمىغا سېلىنغان يېشىل پاياندار.

جىرالار ئارىلاپ ئاققان شوخ سۇلار،
باھارنىڭ كۈيىنى لەرزان ياڭرىتار.
شامالار نازغىنىپ گۈل ـ چېچەكلەرنى،
بالىتچى قىزلاردەك ئۇسسۇلغا سالار.

ۋادىلار بويلىرى رەڭدار گۈل ـ چېچەك،
كۆرۈنەر پايانسىز سالغان گىلەمدەك.
خۇش پۇراق ئىلكىدە كۈلگەن كەڭ دالا،
گۈللەرنى سۆيۈشەر رەڭدار كېپىنەك.

تەڭرىتاغ باغرىدا كۆرگەن مەنزىرە،
قەلبىمدە مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قالدى.
يۇرتۇمنىڭ شۇ گۈزەل تاغ ـ دالاسىغا،
مۇھەببەت ھېسلىرىم ئوت بولۇپ ياندى.

## سالام ئانا يۇرت

ئابدۇسەممەت مەخسۇم

ۋپ يول بېسىپ ھاردۇق يېتىپ، چارچىغاندا،
رنۇم ساڭا تەشنا بولۇپ چاڭقىغاندا.
سى كۆرۈپ روھىم ئۇرغۇپ، كۆچكە تولدۇم،
زەل قوينۇڭ قۇياش كەبى چاقنىغاندا.

كسىز شادلىق قاينىمىغا چۆمدى قەلبىم،
ام ئوخشاش كۈلۈپ قارشى ئالغىنىڭدا.
نقا تەشنا پەرۋانىدەك ئاتتىم ئۆزۈم،
ەل، ئوغلۇم» دەپ ئىللىق قۇچاق ئاچقىنىڭدا.

كەڭ باغرىڭغا سىڭىپ كەتتىم تاغ سۈيىدەك،
جەننەت كەبى ھۆر باغرىڭغا باسقىنىڭدا.
كۆزۈم ئويغۇ چۈشكە كەتتى زېمىنى شېرىن،
غۇر ـ غۇر شامال يەلپۈپ «ئەللەي» ئېيتقىنىڭدا.

دېيىشىرىمگە مىسرالارنى تىزدىم شۇ تاپ،
شائىرانە ئىلھام ئاتا قىلغىنىڭدا.
قانچە يازسام تۈگىمەيدۇ ھېسسىياتىم،
جۇدالىقتىن تەشنا قەلب قېنىمدا.

## ئۆزنتش

ئوبۇل سەمەت

تۇنۇگۇنلا ئىدۇق بىز ئاداش،
مانا بۈگۈن كەتتۇق تاشلىشىپ.
سەن ئەمەلدار، چۈنكى مەن گاداي،
تۇرۇپ قالدۇق ياتتەك قارىشىپ.

تۇرۇپ قالدۇق ياتتەك قارىشىپ،
ئالالمىدىڭ ئېسىڭگە مېنى.
ئۇنتۇغاندەك خۇنۇك كۆزلىرىڭ،
تۇنۇگۇنكى ئەستىلىكلەرنى.

«ئاھا.. خەير ـ خوش» دېدىم ئىچىمدە،
كەتكىنىڭدە يېنىمدىن ئۇزاپ.
ۋە قايرىلدىم ئارقامغا نەچچە،
بىئىختىيار يېنىشلاپ قاراپ.

## ئاغرىنىش

ۋاھاپجان قۇربان

(تاجىك)

ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ تۆكىمەن كۆز ياش،
ياش ئەمەستۇر تۆكۈلگىنى قان.
ئەجەب ئاجىز قىينالدى تېنىم،
تەن ئەمەستۇر قىينالغىنى جان.

بىناۋالا كېتىمەن كۈلۈپ،
روھىم ئەنسىز سالغاچقا چۇقان.
ھەر كۈلكەمدىن پۈرايدۇ يىغا،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ كېتىمەن ھامان.

ھاياتىمنىڭ شېرىن پەسلىنى،
تەلمۈرۈشلا قاپلىدى تامام.
سەۋدا بولغان مەندەك ئاشىققا،
كۈلۈپ باقماس ئىكەن بۇ جاھان.

## يۈرەك

ئەخمەتجان ئوسمان

نە قىسمەت بىلمىدىم كۆيمەن ساڭا،
ئاپەتتۇر ئېھتىمال سۆيگۈڭ مەن ئۈچۈن.
قانسىمۇ باغرىڭغا تەشنا يۈرىكىم،
بىر يېرىڭ تولۇلار يەنىلا يوچۈن.

باغاشلاپ ئۆتسەن، خورسا جىسمىم،
مېنىڭدىن كۈچتۈڭگۈر ـ پۈللۈق بىرسىنى.
«تاپىنىم» دەپ قالىمەن بەكلا كېچىكىپ،
مىڭ ھەسرەت ئىلكىدە ھايات سىرىنى.

«سارالغ»لىق قىلىدۇ يۈرىكىم يەنە،
سەن ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ تۆكىدۇ قان ـ ياش.
بارمايمەن ئالدىڭغا نومۇس كۈچىدە،
تۇيغۇمدا سەن بىلەن ئەتىسىمۇ باغاش....

## تاپالمايسەن مېنىڭدىن ئېۋەن

پاتىگۈل قاسىم تۆربەگ

كېلىپ قالسا يېڭى تون كىيگۈڭ،
بولىدام دېيمەن ئۇستا تىككۈچى.
كىرىۋالىيۈزگە قەلبكە،
مەن تۇنجى رەت ئىشىك چەككۈچى.

كۆڭلۈڭ قانداق غىزا تارتىدۇ،
ئېيت، مەن ئەسلىي تۇغما ئاشپەزمەن.
«ئىش كېلەمدۇ قولىدىن» دېمە،
تاپالمايسەن مېنىڭدىن ئېۋەن.

چۈشلىرىمدە كۆرىمەن سېنى،
بولساقمۇ گەر ناتونۇش سىرداش.
ئىزدىمىسەڭ ئېيتە بىر ئۆمۈر،
مۇمكىنمۇ ـ ھە كۈتۈشكە چىداش.(09)




↑ چاقىرىش



↑ ئىش پۇتتى



↑ ئىككى يۈزلىمە



تەھدىتلىك مۇھەببەت

(ئىسمائىل ئىبراھىم
سىزغان)

# ئىدىقۇت دىيارىدىكى مەرىپەت بوشۇكى ـ پىچان ناھىيىسى ماچاك ئوتتۇرا مەكتىپى



... مۇدىرى ـ ئەبەيدۇللا سېيىت ياھاۋۇدۇن

ماچاك ئوتتۇرا مەكتىپى 1978 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، پىچان ناھىيە پىچان يېزىسى تەۋەسىدىكى بىردىنبىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ. بۇ مەكتەپتە ھازىر 14 سىنىپ، 500 ئوقۇغۇچى، 46 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بار. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن ھازىرغىچە ئىلغار ئوقۇتۇش ۋە زامانىۋى مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، پىچان ناھىيىسى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. مەكتەپنىڭ نەتىجىلىرى بىرنەچچە قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىندى ۋە تەقدىرلەندى.

ئابدۇقادىر ھەمدۇللا (قۇرغان) فوتوسى



جانلانغان كومپيۇتېر ئوقۇتۇشى



قابىلىيەتلىك مەكتەپ رەھبەرلىرى

باغۋەن ۋە غوجىلار



ھەركۈز مەكتەپنىڭ ... ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ۋە ... خىزمەتچىلىرىگە سەمىمىي سالام يوللايدۇ.



جانلانغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى





مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ... ئانىتىسى

# يېزا ئىگىلىكى ئىسلاھاتىدىكى باشلامچى ـ پىچان ناھىيىسى پىچان يېزىسى



ئابدۇقادىر ھەمدۇللا (قورغان) فوتوسى

(تەپسىلاتى 55 ـ بەتتە)

يېزا باشلىقى — بەكرى ئابدۇللا

يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى — جاڭ شېڭچى



ئىناق، ئىجىل رەھبەرلىك كوللېكتىپى



كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ توكى تولۇق تورلاشتى



يېزىدىكى پارتىيە خادىملار مۇشتەرىلارغا سالام يوللايدۇ




10 مىڭ مولۇق كۆلەملىك ... ئۆزگەرتىلىۋاتىدۇ





يۇنۇس ئالدىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى